

# شىنجاڭ ياشلىرى



1986 7



ياشلارغا يۆلەك، ياخشىغا قولداش
يامانغا بەرھەم، ھاياتقا يولباش
ئۈچقۇرغا قانات، دوستلارغا قاياش
ئاقىلغا ياراق، يولچىغا يولداش
خۇشبۇي چېچەكتىن بەھىر ئىزدەر كىم
بۇ گۈلزار ئارا نا ئۈمىت قالماس

XINJIANG YOUTH

# مەكتەپ تۇرمۇشى

(راخمان تۇنۇل فوتوسى)



بىنە كلەس



ئۆردىنىس

«بۇ يەر بىزنىڭ ۋەتىنىمىز»



# مۇندەرىجە


ئىتتىپاق تەشكىلاتىنىڭ بىر مۇھىم ۋەزىپىسى ...... (1)

**ياشلار مۇنبىرى**

ئىسلاھات داۋامىدا «تۇتكە ئىگە» يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرەيلى ... ر. ئەبەي (2)

**ئىشلىگەننىڭ يۈزى يورۇق**

ئىقتىدارلىق ياش سوتچى (تۆت پارچە) ...... ئابدۇرازاق ئەھمەدى (4)

**گەپ بىر، قۇلاق ئىككى**

ئەقىل كۆرسىتىشمۇ لايىقىدا بولغىنى تۈزۈك ...... ئىبراھىم قادىر (6)

**كىتابخانىلار مەجلىسى**

ئۈمىد ۋە دارىكاللا ...... ھاكىم جاپپار (7)

**مۆجىزاتلار دۇنياسى**

يەر ئاستىدىكى سىرلىق مۆجىزىلەر ...... (9)

پىرېلاۋىلادىكى كۆك ياقۇتنىڭ ئاجايىپ سەرگۈزەشتىسى ...... (55)

**كېڭەشلىك ئىش بۇزۇلماس**

كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى توغرىسىدا ياشلار بىلەن سۆھبەت ... ب. نوختى (10)

تەرتىپلىك تۇرمۇش ئۈنۈملۈك ئۆگىنىشنىڭ ئاساسى ...... غۇپۇر زايىر (52)

**دۇنياغا نەزەر**

سىز مۇنداق قىزىقارلىق ئىشلارنى ئاڭلىغانمۇ ...... (13)

قايتا ياشىرىش توغرىسىدا يېڭى بايقاش ...... لوي جىندا (40)

باش كىيىم ھەققىدە قىزىقارلىق پاراڭ ...... (57)

**ئالدىنقىلاردىن ئۆرنەك**

لېۋ شاۋچىنىڭ ئەنزە سورۇشتە قىلىشى (ئۈچ پارچە) ...... (14)

جېن يىنىڭ پارتىيىگە يازغان ئىلتىماسى (ئۈچ پارچە) ...... (15)

**چۇقان، چۇقان، چۇقان**

ئەدەبىياتتىن ئىبارەت تار يولغا ھەممەيلەن تىقىلىۋالمايلى ... ۋاڭمېڭ (16)

**بىلگىنىڭنى ئەلدىن يوشۇرما**

ئىجادىي ئىقتىدار يېتىلدۈرۈشنىڭ تېخنىكىلىق ئۇسۇللىرى ... ئى. شىرىپ (17)

**تۇرمۇشىڭىز ئۈچۈن مەسلىھەت**

ئائىلە تۇرمۇش ساۋاتلىرىدىن ئون مىسال ...... (19)

**يول سورىغان يولدىن ئازماس**

مەن راستىنلا باشقىلارنىڭ كەمسىتىشىگە ئۇچرامدىمەن ...... ھاشىم سېلىم (20)

**مەدەنىي ھايات**

جاپالىق مېھنەت، لەززەتلىك مېۋە ...... مەمتىمىن قۇربان (21)

**ساغلام تەندە ساغلام ئەقىل**

قاداقنى داۋالاشتىكى ئاددىي رېتسېپ ...... ياڭ چىشىن (23)

**بىلىم — ئەقىل چىرىغى**

ئۇيقۇلۇقتىكى چۈشەكەش قانداق ئىش ...... خۇرشىدە ياقۇپ (24)

زىننەت ۋە گۈزەللىك (سەككىز پارچە) ...... (39)

**كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس**

يەر تەۋرەش ھەققىدە يېڭىچە قىياس ...... ۋاڭ زۇگۇاڭ (25)

دېڭىز ئۈستىگە شەھەر سېلىش (ئۈچ پارچە) ...... (54)




مۇقاۋىدا:
كۆركەم گۈللەر
ۋاڭ دېجۈن فوتوسى


باش مۇھەررىر:
ئەبەيدۇللا ئىبراھىم

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
ۋاڭ جيالۇن، شى داۋمىڭ

مۇدىر مۇھەررىر:
ساۋۇت سالاھىدىن

مۇئاۋىن مۇدىر مۇھەررىر
مامۇت ئەھمەد

نۆۋەتچى مۇھەررىر:
تۇركەش ئىبراھىم

رەسسام ۋە خەتتات:
ئىسمايىل ئىبراھىم
ئابلىمىت ئابلىز
ئوبۇلقاسىم مۆمىن

**كۈچ ئۆملۈكتە**

ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ خەلقۇ ئوغلى ............ ئەھمەد ئابدۇراخمان (26)

**يىللار ۋە ۋەقەلەر**

قۇتلۇق هاجى شەۋقى ۋە «يېڭى هايات» گېزىتى ... ئابدۇرېھىم سابىت (27)

**يازغۇچىلار كۇلۇبى**

بۇلاقچى كىم؟ ........................ ھېمىت ناسىر (29)

**شېئىرىيەت گۈلزىرى**

پارتىيىگە ئەگىشىپ ............... ھۆرنىسا ساتتار (30)

چوپانلار ............................ ئابدۇللا تۇرسۇن (30)

مەن شائىر ............................ ئابدۇللا ياقۇپ (30)

ياش يوشۇرسام ...................... مەھمۇد مۇھەممەد (31)

پارچىلار ............................ سەلەي قاسىم (31)

ئۇستاز ............................ ئەرشىدىن راشىدىن (31)

ئۈچ شېئىر ......................... ئابدۇللا ئىدرىس (31)

**خەتتاتلار كۆرىكى**

تاللانغان ھۆسنىخەتلەر ................... نىياز كېرىم (32)

**يىپەك ۋادىسىدىن سۆز**

قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئاسترولوگىيە ئىلمى ...... ئا. ھاشىم (33)

**ئالەمدىن ئۇچۇر**

سانائەت ئىنقىلابىنىڭ كەلگۈسى بازىسى قەيەردە بولىدۇ......چىن شىدۇڭ (35)

**كۆڭۈل - كۆڭۈلدىن سۆيۈنچەر**

يولداشلار ئارا يول قويغان ياخشى ............ خالىس ئېلى (37)

**غىدىق، غىدىق، غىدىق**

جۇۋا تاشلاش، مەن بىلەن تەلەك (12 پارچە) .............. م. قۇربان (42)

**يىللار ۋە ئادەملەر**

ئاتاقلىق ئەرباب كازافى توغرىسىدا قىسسە ........................ (44)

كانىپ لى لېيۇرۇلىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ........................ (49)

**ئالىملار ئىشى**

«كارامەت ياخشى بولىدى، ئىسمىڭىز نېمە؟» (ئۈچ پارچە) ........ (46)

«ئۇ مەن ئۈچۈن ئازاب ئېلىپ كېلىدۇ» (ئۈچ پارچە) ........ (47)

**ياخشى ئادەم يېنىمىزدا**

ئىنتىپاقلىق داستانى ............................تۇرسۇن ئىبراھىم (48)

**تاغدىن - باغدىن**

توخۇ بېقىش (سەككىز پارچە) ........................ (51)

**ئەلنىڭ قۇلىقى ئەللىك**

ئورنى كىم كولىسا شۇ چۈشىدۇ ...................... مەھەممەد يۈسۈپ (53)

**ياشلار ئەدەبىياتى**

ئىككى پارچە خەت ............ نۇرمەھەممەد توختى (58)

كۆڭلەك ................................ مەمتىمىن شېھە (61)

**تىكەن، تىكەن، تىكەن**

ھەجۋى رەسىملەر ............ ئابلىمىت ئۆزكەرتىپ سىزغان (62)




مۇقاۋىنىڭ كەينىدە:
سۇت قويۇۋاتقان ئايال
ۋېرمېر
(گوللاندىيە) سىزغان

**مۇندەرىجە**


سىياسىي، نەزەرىيە
ۋى، پەننىي، ئەدەبىي ئايلىق ژۇرنال

ھەر ئاينىڭ 1 - كۈنى
نەشىردىن چىقىدۇ.

قەرەللىك ژۇرناللار
تىزىملىكى نومۇرى (310)

باھاسى: 0.25 يۈەن

«شىنجاڭ گېزىتى» باسما
زاۋۇتىدا بېسىلدى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك
پوچتا ئىدارىسى
تەرىپىدىن تارقىتىلدى

# ئىتتىپاق تەشكىلاتىنىڭ بىر مۇھىم ۋەزىپىسى

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ياشلارنى پارتىيىگە قوبۇل قىلىشتا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشى، ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىنىڭ پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشقا دائىر ھۆججەتلەرنى ئۆگىنىشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان تەربىيە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، مۇنەۋۋەر ئىتتىپاق ئەزالىرىنى پارتىيىگە ئوبيېكت قىلىپ كۆرسىتىپ بېرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى بىلەن زور بىر تۈركۈم ئىلغار ياشلار شەرەپلىك ھالدا پارتىيىگە كىردى. بۇ ئېلىمىز ياشلىرىنىڭ پارتىيىنى قىزغىن سۆيۈپ، پارتىيىگە ئىشىنىپ، جۇشقۇن ھالدا يۇقىرى ئۆرلەۋاتقانلىقىدەك روھىي قىياپىتىنى نامايەن قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى تەشكىلاتلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ئىتتىپاق ئەزالىرىنى پارتىيىگە ئوبيېكت قىلىپ كۆرسىتىپ بېرىش خىزمىتىدە خۇشاللىنارلىق نەتىجە ياراتقانلىقىنىمۇ كۆرسىتىپ بەردى.

كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى — پارتىيىنىڭ ياردەمچىسى ۋە زاپاس قوشۇنى. پارتىيە ئىشلىرى ئۈچۈن بىر ئەۋلاد «تۆتتە ئىگە» يېڭى كىشىلەرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش - كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ شەرەپلىك بۇرچى. مۇنەۋۋەر ئىتتىپاق ئەزالىرىنى پارتىيىگە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئوبيېكتى قىلىپ كۆرسىتىپ بېرىپ، پارتىيىگە ئۈزلۈكسىز تۈردە يېڭى قانلارنى يەتكۈزۈپ بېرىش — ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىنىڭ بىر مۇھىم ۋەزىپىسى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قوشۇنى قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىتتىپاقنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇشقىمۇ پايدىلىق.

ئىتتىپاق ئەزالىرىنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئاكتىپلار قوشۇنىنى بەرپا قىلىش مۇنەۋۋەر ئىتتىپاق ئەزالىرىنى پارتىيىگە ئوبيېكت قىلىپ كۆرسىتىپ بېرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئاساسى. كۆرسىتىپ بېرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى ۋە قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قولغا كەلتۈرۈش لازىم. ياشلارنى پارتىيىگە تەرەققىي قىلدۇرۇش پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىشى، ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتسىز دەپ قارايدىغان ئىدىيىلەرنى تۈگىتىش لازىم. ئىتتىپاق ئەزالىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئەھۋالىنى پارتىيە تەشكىلاتىغا ھەر دائىم دوكلات قىلىپ تۇرۇش، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مۇنەۋۋەرلەرنىڭ ئالغا بېسىش تەلىپىنى ئىنكاس قىلىپ تۇرۇش، پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە ياردىمى ئاستىدا، ئۇلارنى تەربىيىلەش، يېتىشتۈرۈش ۋە كۆزىتىش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، سۈپەت ئۆتكىلىنى ياخشى ئىگىلەش لازىم. كۆرسىتىپ بېرىش خىزمىتىدە مۇنەۋۋەر ئىتتىپاق كادىرلىرىنى، ئىقتىدارلىق ياش زىيالىيلارنى، بىرىنچى سەپتىكى ياش كەسپىي تايانچىلارنى مۇھىم نۇقتا قىلىش لازىم.

بىز ئىشىنىمىزكى، پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە ياردىمى ئارقىسىدا، ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىنىڭ ئورتاق تىرىشىشى بىلەن، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت بۇ چوڭ مەكتەپتە، تۆتلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنىڭ مۇنەۋۋەر جەڭچىلىرى تېخىمۇ كۆپلەپ ئۆسۈپ يېتىلگۈسى. (1)

# ئىسلاھات داۋامىدا «تۆتكە ئىگە» يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرەيلى

رىزۋان ئەبەي

ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى

نۆۋەتتە ياشلارنى غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق بىر ئەۋلاد يېڭى كىشىلەردىن قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىش — كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى خىزمىتىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى. شۇڭا ئىتتىپاقنىڭ بارلىق خىزمەتلىرى بۇ ئاساسىي ۋەزىپىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئېلىپ بېرىلىشى لازىم

«تۆتكە ئىگە» يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ياشلارنى توغرا دۇنيا قاراش تىكلەشكە يېتەكلەش لازىم. چۈنكى ياشلار ۋەتىنىمىزنىڭ كەلگۈسى ۋە ئۈمىدى، زامانىمىزنىڭ ياشلىرى ئەسىر ھالقىيدىغان ئەۋلادلار. بۇ ياش ئەۋلادلارنىڭ ئىدىيە، ئەخلاق، پەزىلىتىنىڭ قانداق بولۇشى دۆلىتىمىزنىڭ كەلگۈسى ۋە تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ. ياشلارنى ياخشى ئىدىيە، ياخشى ئەخلاق، ياخشى پەزىلەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئۇلارغا قارىتا سەۋرچانلىق بىلەن ئۇزاق مۇددەت، جاپالىق، ئىنچىكە ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتى ئىشلىشىمىز لازىم. بۇ خىل تەربىيە پەقەت ياشلاردا نېمە مەسىلە بولسا، شۇ مەسىلىگە قارىتىلىپلا قالماستىن، بەلكى ياشلارنىڭ دۇنيا قاراش، كىشىلىك قاراشتىن ئىبارەت تۈپ مەسىلىنى ھەل قىلىشقا قارىتىلىشى لازىم. ياشلارنى ماركسىزملىق نەزەرىيە ئۆگىنىشكە تەشكىللەش، شۇنىڭدەك بۇ ئۆگىنىشنى جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخىنى ئۆگىنىش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈش كېرەك. ياشلارنى ئىنقىلابىي ئەجدادلاردىن ئۆگىنىپ، كىشىلىك ھاياتنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى ئېنىق تونۇۋېلىشقا، قەھرىمانلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئالىيجاناپ، پاك، خەلققە پايدىلىق ئادەم بولۇپ چىقىشقا يېتەكلەش لازىم.

«تۆتكە ئىگە» يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن ياشلارنى ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش سىياسىتىگە توغرا مۇئامىلىدە بولۇشقا يېتەكلەش لازىم. پارتىيىمىزنىڭ سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، ئىچكى جەھەتتە ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش سىياسىتىنى يولغا قويۇشى — كەڭ ياشلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى، بىلىمىنى ئاشۇردى. خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك گۈللىنىشى ئۈچۈن ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان پايدىلىق شەرت - شارائىت بىلەن تەمىن ئەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ياشلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىسىز بولغان بەزى يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرمۇ كېلىپ چىقتى. ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى چوقۇم قىسمەن ياشلارنىڭ ئىدىيىسىدە چېكىنىۋاتقان، نەزەرىيىدە مۇجمەل بولغان مەسىلىلەرنى چىڭ تۇتۇش، ئۇلارغا قارىتا سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى يولغا قويۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە توغرىلىقىنى تونۇتۇپ، سىرت بىلەن ئالاقە قىلماسلىق، قارىغۇلارچە چەتكە چوقۇنۇشتەك كونا قاراشلارنى تاشلىۋېتىشكە ياردەم بېرىپ، ئىس

لاھات، ئېچىۋېتىش، ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش بىلەن «ھەممىدە پۇلغا قاراش»، ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ لەپبانىيەتچىلىك قىلىش، ئومۇمنى زىيانغا ئۇچرىتىش ھېسابىغا ئۆزى بېيىشنىڭ پرىنسىپلىق چەك - چېگرىسىنى ئېنىق بىلدۈرۈش ئارقىلىق پارتىيىنىڭ سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، ئىچكى جەھەتتە ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش سىياسىتىنى توغرا چۈشىنىشكە، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئەمەلىيىتىگە پائال قاتنىشىش ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ياردەم بېرىشى كېرەك. ياشلارنى تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا ئاگاھلىق چىڭ تۇرۇپ، سىياسىي جەھەتتە پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشقا يېتەكلەپ ئۇلارنى ھەم غەرب ئەللىرىنىڭ ئىلغار تېخنىكىلىرىنى ۋە باشقا پايدىلىق نەرسىلىرىنى قوبۇل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىدىغان، ھەم كاپىتالىزمنىڭ ئەكسىيەتچىل ئۇقتىشنەزەرلىرىنى چەكلىيەلەيدىغان ئىقتىدارغا ئىگە قىلىش لازىم.

«تۆتكە ئىگە» يېڭى كىشىلەرنى تەربىيىلەش ئۈچۈن ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش لازىم. يېڭىلىق يارىتىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەش روھىنى جارى قىلدۇرۇش، ئىتتىپاق تەشكىلىنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتى ھەققىدە ئەستايىدىل ئىزدىنىش، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى، تەسىر قىلىش كۈچىنى، قايىل قىلىش كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇش كېرەك. يالغان گەپ قىلىش، لاپ ئۇرۇش، قۇرۇق گەپ قىلىشتەك يامان ئىستىلىنىڭ تەسىرىنى تازىلاپ، ياشلارغا كۆڭۈل بۆلۈش، ئۇلارنىڭ ھاجىتىدىن چىقىش، ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ ئىدىيىۋى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش لازىم. سىياسىي - ئىدىيىۋى خىزمەتنى كەسپ بىلىم، كۆڭۈل ئېچىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئۇنى يېڭى شەكىلگە، قىزىقارلىققا، ياخشى ئۈنۈمگە ئىگە قىلىش كېرەك، بولۇپمۇ راۋانلاشتۇرۇش يۈزلىنىشىدە چىڭ تۇرۇپ، كەڭ ياشلارنىڭ قەلبىنى چۈشىنىش، خىزمەتنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئىشلەش، ئادەمگە قاراپ تەربىيە بېرىش، پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش، تەڭ دېمەتلىك ياشلارنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇشقا يېتەكلەش لازىم.

قىسقىسى، «تۆتكە ئىگە» يېڭى كىشىلەرنى تەربىيىلەش ئىنتايىن مۇھىم بىر ستراتېگىيىلىك قۇرۇلۇش ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك ۋەزىپە. شۇڭا بۇ جەھەتتە ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلىش، تەربىيىلەش خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرۇش، كونكرېتلاشتۇرۇش، تۈزۈملەشتۈرۈش، سىستېمىلاشتۇرۇش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى بۇ ئېغىر ۋە مۇشكۈل ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئېلىشى، ئىتتىپاق كادىرلىرى قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. ياشلارنى ئالغا ئىلگىرىلەشكە يېتەكلەپ، ئۇلارنى «تۆتكە ئىگە» يېڭى كىشىلەردىن قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىش ئۈچۈن ئىتتىپاق كادىرلىرى ئالدى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئېڭىنى ئۆستۈرۈشى، باشلامچىلىق بىلەن «تۆتكە ئىگە» يېڭى كىشىلەردىن بولۇشى كېرەك. ياشلاردىن ئورۇنلاشنى تەلەپ قىلغانلىكى ئىشلارنى ئاۋۋال ئۆزلىرى ئورۇنلىشى، ياشلاردىن قىلماسلىق تەلەپ قىلىنغانلىكى ئىشلارنى ئۆزلىرى قىلماسلىقى، ياشلارنىڭ ياخشى ئوقۇتقۇچىسى ۋە دوستى بولۇشى كېرەك. يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدىكى ۋەزىپىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ھەر خىل ئىدىيە ۋە ناتوغرا ئىستىللارنى تۈگىتىپ، خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، ياشلار خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش لازىم. (1)



## تاغلىق كەنتتىكى يېزا دوختۇرى

بىز مۇشۇ كۈنلەردە پامىر ئېگىزلىكىدىكى بۇلۇڭكۆل گۇڭشېسىنىڭ گەز كەنتىگە بېرىپ قالسىڭىز ياش قىرغىز يېزا دوختۇرى ئاۋۇشنىڭ جىددىي ھەم ئەستايىدىل كېسەل كۆرۈپ، دورا بېرىۋاتقانلىقىنى، ھەرخىل جاراھەتلەرنى تېڭىپ، ئوكۇل سېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تەسىرلەنمەي قالمايسىز. ئاۋۇش 1978 - يىلى ئاقتۇ ناھىيىلىك سەھىيە ئىدارىسى ئاچقان يېزا دوختۇرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىدا ئوقۇپ، شەھەرگە 120 كىلومېتىر، گۇڭشې دوختۇرخانىسىغا 45 كىلومېتىر كېلىدىغان گەز كەنتىنىڭ يېزا دوختۇرى بولغان ئىدى. بۇ تاغلىق كەنتتە كېسەللەرنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشنى شەرەپ دەپ بىلگەن ئاۋۇش پېشقەدەم دوختۇرلارنى ئۆزىگە ئۇستاز تۇتۇپ، بىر مىنۇت ۋاقتىنىمۇ بوشقا ئۆتكۈزمەي تىرىشىپ ئۆگەندى. ئەشۇنداق تىرىشىپ ئۆگىنىش ئارقىلىق يېزىلاردا كۆپ ئۇچرايدىغان زۇكام، كېزىك، تولغاق، يىرىڭلىق ئىششىق، ئۆپكە زەققىسى قاتارلىق كېسەللەرنى ئۆز ئورنىدا داۋالاپ ساقايتالايدىغان سەۋىيىگە يەتتى. 1985 - يىل ئىچىدە 1500 ئادەم، قېتىمدىن ئارتۇق كېسەلنى داۋالاپ ساقايتىپ شۇ يىلى ناھىيە بويىچە سەھىيە خىزمىتىدىكى ئىلغار ياش بولۇپ باھالىنىپ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. (4)

(توختى قاۋۇل)

## تېپىۋالغان پۇلنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇش

نامازشامدىن ئۆتكەن چاغ، سەيدى ئەمەر ئالدىراش ئاچىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىۋاتقاندا يولدا بىر سومكا ئۇچراپ قالدى. سومكىدا نۇرغۇن پۇل بار ئىكەن، ئۇ ئىككى تەرەپكە قاراپ ئىگىسى كېلىپ قالارمىكىن دېگەن ئۈمىدتە خېلىغىچە كۈتتى. لېكىن بىرەر كىشىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ. بارغانسېرى قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىدۇ. قانداق قىلىش كېرەك؟ سەيدى ئەمەر شۇ تاپتا پۇل ئىگىسىنىڭ قانچىلىك تىت - تىت بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ - دە، پۇلنىڭ ئىگىسىنى ئىزلەپ تاپماقچى بولىدۇ. ئۇ يول ياقىسىدىكى كىشىلەردىن سۈرۈشتۈرۈپ ماڭىدۇ. بىراق ئۇچرىغانلار بىرەر ئادەمنىڭ پۇل يوقىتىپ قويغانلىقىنى ئاڭلىمىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇ ئاخىرى پۇلنى تەشكىلگە تاپشۇرۇپ بېرىش قارارىغا كېلىدۇ - دە، يولغا راۋان بولىدۇ... پۇل يوقاتقۇچى توغرا ئۆستەڭ كەنتىدىكى تىجارەتچى ئەمەت ئاخۇن 1727 يۈەننى ساق تاپشۇرۇپ ئالغاندا تەسىرلەنگىنىدىن «سىز ھەقىقەتەن ئىنساپلىق يىگىت ئىكەنسىز» دەيدۇ. سەيدى ئەمەر چىرىيە ناھىيە گۈلاخما يېزا ئارا ئۆستەڭ كەنتىدىن بولۇپ، بۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ كۆپ قېتىم نەرسە - كېرەك تېپىۋېلىپ ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىپ تەقدىرلەنگەن ئىدى. (4)



(روزى توختى داۋۇت)

## تېخنىكا يېڭىلاش يولىدا...



يېڭىشەھەر ناھىيە يېڭىئاۋات يېزا يېڭىئاۋات كەنتىدىكى قادىر سىدىق توغرىسىدا گەپ ئېچىلغاندا كىشىلەر ئۇنى: «ئېپتىمۇ قادىر، ماھارەتتىمۇ ھەممىگە قادىر» دەپ ماختىشىدۇ.

ئۇ دەسلەپتە ۋېلىسىپىت، ھارۋا رېمونت قىلىشنى ئۆگەندى، كېيىن دىنام، ئېلېكتىر رېمونت قىلىش ۋە سىم ئوراش تېخنىكىسىنى ئۆگەندى. لېكىن ئۇ بۇنىڭ بىلەن قانائەتلىنىپ قالماي، تېخنىكا يېڭىلاش يولىدا كۆپ ئىزدەندى. 1985 - يىلى ئۇ ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ قىزىلتاغ يېزىسىدىكى سىنالغۇ تارقىتىش ئىستانسىغا كۈچەيتكۈچ ئورنىتىپ ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىپ، مەكىت ناھىيىسىنىڭ 4 - قانالدا تارقىتىدىغان تېلېۋىزور پروگراممىلىرىنى 10 - قانالدا كۆرەلەيدىغان شارائىتنى يارىتىپ، تاغلىق كەنتتىكى دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ تېلېۋىزور كۆرۈش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. ئۇ يەنە تاغ يېزىسىدا 18 كىلوۋاتلىق سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنى ئۆزى بىۋاسىتە تېخنىكا ھۆددىگەرلىك توختامى بىلەن قۇرۇپ چىقىپ ئۆتكۈزۈپ بەردى. يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ ئاچچىق يېزىسىدا بىر ئاي تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئادەتتىكى ماتورنى ئۆزگەرتىپ ئۈچ خىل ئىشلىتىلىدىغان يەنى دىنام، سوۋاركا، توك قاچىلاش ماشىنىسىنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان ئۇنىۋېرسال ماشىنا ياساپ چىقىپ، كەڭ خېرىدارلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. (4)

(ت. دەۋرىسا، ئا. سەئىدي)

## ئىقتىدارلىق ياش سوتچى

قاغىلىق ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى مەھەممەد قۇربانني كىشىلەر «ئىقتىدارلىق سوتچى» دەپ ماختىشىدۇ.

ئۇ 1984- يىلى ئۆستۈرۈلگەندىن كېيىن زىممىسىدىكى يۈكنىڭ تېخىمۇ ئېغىرلاشقانلىقىنى ھېس قىلىپ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى قانۇن بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە قاراتتى. ئۆگەنگەن نەزەرىيە بىلىملىرىنى ئەمەلىيەت بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈردى.



1985 - يىلى ئىچىدىلا ئىقتىسادىي توختام ئەنزىسىدىن 70 نى بىر تەرەپ قىلدى. ئۇ «پاكىتنى ئاساس، قانۇننى ئۆلچەم قىلىش» دىن ئىبارەت پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، مەسىلىلەرنى ئادىل بىر تەرەپ قىلدى. چاسا مەسچىت يېزا 2 - كەنتتىكى خۇمدانچى تىمىيەنمىياۋ 1984 - يىلى بازارلىق ھۆكۈمەت 2 - بىناكارلىق ئەترىتىگە خىش سېتىپ بەرگەندە، ئۇلارنىڭ توختامدىكى باھا بويىچە پۇل بەرمەي، باھانە-سەۋەب كۆرسىتىپ 3900 يۈەن پۇلنى تۇتۇپ قالغانلىقى توغرىسىدا ئەرز سۇنىدۇ. مەھەممەد قۇربان بۇ ئەرز ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ ئادىللىق بىلەن ھەل قىلىدۇ. مەھەممەد قۇربان يېتەكچىلىك قىلغان ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىسى 1985 - يىلى ئىلغار كوللېكتىپ، ئۆزى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالىنىدۇ. (4)

(ئابدۇرازاق ئەھمەدى)



# ئەقىل كۆرسىتىشمۇ لايىغىدا بولغىنى تۈزۈك

**ئىبراھىم قادىر**

ئەقىل كۆرسىتىش دېگەن بۇ سۆز ھەممەيلەنگە ناھايىتى ئاياندەك بىلىنىدۇ، لېكىن كۆپ سانلىق كىشىلەر ئۇنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى تازا چۈشەنمەيدۇ، ھەتتا بەزىلەر باشقىلار قانداق ئەقىل كۆرسەتسە شۇ بويىچە ئىش قىلىپ، ئاخىرىدا ئۆزىگە نۇرغۇن ئوڭۇشسىزلىقلارنى تېپىۋالىدۇ.

يېقىندا بىزنىڭ بۇ يەردە مۇنداق ئىككى ئىش يۈز بەردى. بىرى مۇھەببەتلىشىۋاتقان بىر جۈپ قىز-يىگىتنىڭ بىرقېتىملىق ئۇچرىشىشىدا قىز 40 مىنۇت كېچىكىپ قالغان. گەرچە قىز كېچىكىش سەۋەبىنى چۈشەندۈرگەن بولسىمۇ، يىگىت ئاچچىقىدىن يانىماي كېتىپ قالغان. ئەتىسى يىگىت ئاغىنىلىرىگە بۇ ئەھۋالنى ئېيتقاندا، ئاغىنىلىرى «ئەقىل كۆرسىتىش» كە باشلىغان. بەزىلىرى: «بۇ ئۇنىڭ سېنى كولدۇرلاتقىنى» دېسە، يەنە بەزىلىرى: «ئۇنىڭ سېنى قەستەن چېكىپ باققىنى» دېيىشكەن. يىگىت بۇ گەپلەرگە ئىشىنىپ، قىزنى تاشلىۋەتكەن. قىز مۇھەببىتىنىڭ مۇشۇنداق بىركىچىككىنە سەۋەب بىلەن بۇزۇلغىنىدىن قاتتىق خۇرسىنغان، كېيىنچە، يىگىت ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، قىزنى ئىزدەپ بارغاندا، قىز ئۇنىڭغا: «ئەر كىشى شۇنداق بولىدىغان بولسا، ئەمدى ھېچكىم بىلەن يۈرمەيمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن. يەنە بىرى، توي قىلغىلى ئۈچ يىلدىن ئاشقان بىرجۈپ ئەر-خوتۇن كىچىككىنە بىر ئىش تۈپەيلىدىن جېدەللىشىپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن ئايال ئاچچىقىدا ئىككى ياشقا تولمىغان بالىسىنى ئېرىگە تاشلاپ بېرىپ ئۆزى ئائىسىنىڭكىگە كېتىپ قالغان. ئىش يۈز بەرگەندىن كېيىن ئايال تەرەپكە ئەقىل كۆرسەتكۈچىلەر: «ئەرنىڭ ئەدىبىنى بېرىپ قويۇش كېرەك، ئۇ ئۆزى كېلىپ ئېلىپ كەتسۇن» دېيىشكەن. ئەر تەرەپكە ئەقىل كۆرسەتكۈچىلەر بولسا: «قىز تەرەپنىڭ ئالدىغا بارماڭلار، ئۇنداق قىلماڭلار ھەدېسىلا ئائىسىنىڭكىگە بېرىۋالىدىغان بولۇپ قالىدۇ. كېيىن ئۇنى باشقۇرالماي قالىسىلەر» دېيىشكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش بىرنەچچە ئاي كەينىگە سۆرۈلۈپ قالغان. بۇ جەرياندا ئەر تەرەپ بالىنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالالمىغانلىقىدىن، بالا ئۆپكە كېسىلىگە دۇچار بولۇپ، ۋاقتىدا داۋالىتالمىغانلىقى ئۈچۈن، بەختكە قارشى ئۆلۈپ قالغان. مانا مۇشۇ چاغدىلا ئەر-خوتۇن ئەس-ھوشىنى تېپىشقان بولسىمۇ ئەمما پۇشايماننى ئالدىغانغا قاچا تاپالماي قالغان.

ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى بۇ خىل ئىشلار بىزگە، بولۇپمۇ تۇرمۇشقا ئەمدىلا قەدەم قويغان ياشلارغا زادى قانداق ئەقىل كۆرسەتكۈچىلەردىن بولۇش كېرەكلىكىنى، ئەقىل كۆرسەتكۈچىلەرنىڭ ياخشى گەپلىرىگە قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەكلىكىدىن ئىبارەت مۇھىم بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شۇڭا بىز پاك ئىجتىمائىي ئەخلاق ئارقىلىق باشقىلارنىڭ بەختلىك بولۇشى ئۈچۈن تۆھپە قوشىدىغان ئەقىل كۆرسەتكۈچىلەردىن بولۇشىمىز كېرەككى، ھەرگىز يۇقىرىقىدەك ئىشنى يامان تەرەپكە بۇرايدىغان «ئەقىل كۆرسەتكۈچى» لەردىن بولماسلىقىمىز لازىم.

ئىشنىڭ ئالدى-ئارقىسىنى تولۇق نەزەرگە ئالىدىغان ئەقىل كۆرسەتكۈچى بولۇشىمىز، ئەقىل كۆرسەتكەندە قارىغۇلارچە ئوت ئۈستىگە ياغ سېپىشتىن ساقلىنىشىمىز لازىم. (1)

# بارىكاللا ۋە ئۈمىت

«شىنجاڭ ياشلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە:

ھۆرمەتلىك يولداشلار، مەن سىلەرنىڭ نەشىر قىلىۋاتقان ژۇرنىلىڭىزلارنىڭ ھەرئايلىق سانلىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئىزدىنىپ ئوقۇپ كېلىۋاتقان مۇشتەرىلەردىن بىرسى بولىمەن. مەن گەرچە بۇ ژۇرنالنىڭ ئوبيېكتى بولمىساممۇ، لېكىن ئۆزۈم پېشقەدەم مائارىپچى بولغانلىقىم، ياش-ئۆسمۈرلەر تەربىيىسىگە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىم ئۈچۈن ئادەتتە ژۇرنالدىكى ياشلار تەربىيىسىگە ئائىت ماقالىلەرنى تەپسىلىي كۆرۈپ تۇرىمەن. مەن «شىنجاڭ مائارىپى» ژۇرنىلى بىلەن «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنى كۆپ كۆرىمەن. ياشلار ژۇرنىلى مەيلى مەكتەپ مەيلى جەمئىيەتتە بولسۇن بارلىق ياشلارنى تەربىيىلەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. شۇڭا بۇ ژۇرنالنىڭ ئوينايدىغان رولى بەك زور.

ياشلار — بىزنىڭ ئۈمىدىمىز، كېلەچىكىمىز، بىز ياشلارغا بولغان تەربىيىنى، يېتەكلەشنى بىر مىنۇتمۇ بوشاشتۇرۇپ قويماسلىقىمىز لازىم. بىز ماركسىزمنى يېتەكچى قىلىپ، ياشلارنى پەننىي بىلىملەر بىلەن قوراللاندۇرۇشىمىز، ھەم بىلىم بېرىشكە بىرلەشتۈرۈپ، ئىدىيىۋى ئەخلاق تەربىيىسىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم. ئىجتىمائىي شارائىت بىلەن تەربىيە ياشلارنىڭ يېتىلىش تەرەققىياتىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. بىز ياشلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە قاراپ ئۈنۈملۈك تەربىيە ئېلىپ بېرىشقا دىققەت قىلىشىمىز لازىم. ياشلار ياش قورامىغا يەتكەن كىشىلەرگە ئوخشىمايدۇ. ئۇلار جىسمانىي، ئەقلىي تەرەققىيات جەھەتتە خاسلىققا ئىگە. ياشلار يېڭىلىققا ئىنتىلىدۇ جەمئىيەتتىكى، تەبىئەتتىكى كۆپلىگەن نەرسىلەرنى بىلگۈسى، ئۇقۇقۇسى كېلىدۇ، شۇڭا، ياشلارغا تەربىيە بېرىش، يېتەكلەشتە ئوبيېكتىغا قاراش، ياش ئالاھىدىلىكى، ئىندىۋىدۇئاللىق تەرەپلەرنى نەزەردە تۇتۇش، ئەتراپلىق تەربىيىلەش ئىنتايىن زۆرۈر.

مەن ئۆزەمنىڭ مائارىپ ساھەسىدىكى ئۇزۇن يىللىق تەجرىبە-ساۋاقلىرىمغا ئاساسەن سىزلەرنىڭ ياشلار ژۇرنىلىڭىزلارنىڭ مەزمۇنىدا مېنىڭ مۇشۇ كۆزىتىش، قاراشلىرىمنى، بەكمۇ ئەتراپلىق ئوتتۇرىغا قويۇپ كۆرۈنەرلىك گەۋدىلەندۈرۈۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن مەن بىر تەرەپتىن تەربىيە ئېلىۋاتسام يەنە بىر تەرەپتىن كۆپ خۇرسەندلىك بىلەن ژۇرنىلىڭىزلارغا بارىكاللا ئېيتىمەن، ژۇرنىلىڭىزلاردا ھەقىقەتەنمۇ ياشلارنىڭ تۈرلۈك ئالاھىدىلىكلىرى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلۈپ نىشانلىق ئوقۇ ئېيتىلىۋاتىدۇ. مېنىڭچە «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ ھەربىر سانىنىڭ مۇندەرىجىسىنى كۆرگەنلا كىشى ھەيران قالىدۇ. مۇندەرىجە كىچىك تېما-تارماقلارغا ئايرىلغان بولۇپ، مەزمۇنى مول، ماۋزۇلىرى خىلمۇ-خىل بولۇپ تەربىيىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرى تولۇق ھېسابقا ئېلىنغان. مەسىلەن ھەربىر ساندىلا 30 دىن ئارتۇق سەھىپە تەگلا كۆزىگە چېلىقىدۇ. ماقالىلەرنىڭ تاللىنىشى ئىنچام، مەزمۇنىدا ئەقلىي تەربىيە، ئەخلاق، جىسمانىي تەربىيە، ئېستېتىكا تەربىيىسى، سەنئەت گۈزەللىك تەربىيىسىگە ئائىت تەربىيىلەر ئەمەلىي پاكىتلار بىلەن جانلىق قويۇلغان. شۇنداقلا ياشلارنىڭ ئىدىيە، ئۆگىنىش،

## كىتابخانلار مەجلىسى

تۇرمۇش، ئىزدىنىش جەھەتلەردىكى، مەسىلىلىرىگىمۇ ئوبدان جاۋاپ بېرەلىگەن.

ژۇرنالدا بېسىلغان ماقالىلەر ناھايىتى ئىخچام، قىسقا، گەپلىرى تاتلىق، ئوقۇش، ئەستە تۇتۇۋېلىشقا ئاسان بولۇپ، ئەمەلىي تەربىيىۋى ئەھمىيىتى زور. مەسىلەن بۇ يىلقى 3 - سانىدىكى «ئالدىنقىلاردىن ئۈرنەك» دېگەن سەھىپىگە ئالتە ھېكايە ئىككى بەتكىلا بېسىلغان، بۇ كىچىك ھېكايىلەر قىسقا بولسىمۇ بەكمۇ تەسىرلىك بولۇپ، ياشلار ئۈچۈنلا ئەمەس، ئاتا - ئانىلار ئۈچۈنمۇ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. كۆپىنچە ماقالىلەردە دەلىللىك ۋە قاراتمىلىقىمۇ ياخشى ئەھمىيەت بېرىلگەچكە ئۇنىڭ ئىجابىي تەربىيىۋى رولى زور بولماقتا. ئۇنىڭدىن باشقا مۇھەببەت، نىكاھ، ئۆگىنىش، ياشلىقنى قەدىرلەش، ئىستىقباللىق، ئۈمىدۋارلىق، سەممىي راستچىل بولۇش مەسىلىسى قاتارلىق ئۇرغۇن مەسىلىلەر جانلىق، نىشانلىق ھالدا مەسلىھەت، ياردەم بېرىدىغان كىچىك ماقالە، خەۋەرلەر بىلەن ئەپلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان. «ئالەمدىن ئۈچۈر»، «دۇنياغا نەزەر»، «تاغدىن - باغدىن» قاتارلىق كىچىك تېمىلار ئاستىدا، ياشلار بەكمۇ قىزىقىدىغان، ئۈمىدۋار بولىدىغان، روھىي ئوزۇق ئالىدىغان، زامانىۋى پەننىي بىلىملەر بىلەن قوراللاندۇرۇلىدىغان خەۋەر، ماقالىلەرنى كۆرگەندە ھەممە كىشى بېرىلىپ قىزىقىپ ئوقۇيدۇ، ھەممە كىشىنى جەلپ قىلىدۇ. قىسقىسى «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ بۇ ئالاھىدىلىك، ئارتۇقچىلىقلىرىنى باشقا ژۇرناللاردا كۆپ كۆرگىلى بولمايدۇ. مەن تەھرىر يولداشلارنىڭ ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، ئىجادىي ۋە كۈچلۈك ئىزدىنىش روھى بىلەن ژۇرنالنى كەڭ ياشلار ۋە جامائەت ھەقىقەتەن مەمنۇن ۋە رازى بولىدىغان، مەنىۋى روھىي ئوزۇق ئالىدىغان، قولدىن - قولغا ئېلىپ سۆيۈپ ئوقۇيدىغان قىلىپ چىقىرىۋاتقىنىڭلارغا رەھمەت ئېيتىمەن، بۇ ئارتۇقچىلىق توغرىسىدا مەن كۆپلىگەن پېشقەدەم يولداشلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرسام، ئۇلارمۇ ژۇرنىلىڭىزلارغا قارىتا ماختاش پىكىردە ئىكەنلىكىنى ئېيتقان بولدى.

ھازىر بۇ ژۇرنالغا مۇشتەرى بولۇپ ئوقۇيدىغانلارمۇ كۆپ. ئىگىلىشىمچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تۈرلۈك ژۇرناللار ئىچىدە مۇشتەرىلىرىنىڭ كۆپلىكى بىلەن ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ، بۇمۇ ژۇرنالنىڭ ياخشى نەشر قىلىنىۋاتقانلىقىنىڭ بىر دەلىلىدۇر.

قىسقىسى مەن ژۇرنىلىڭىزلارنىڭ ياخشى، ئۈنۈملۈك نەشر قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئالقىشلايمەن. شۇنىڭ بىلەن تەھرىر بۆلۈمىدىكى يولداشلارنىڭ مۇندىن كېيىن ئىدىيىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ، تىرىشىپ ئىزدىنىپ ئىلمىي ژۇرنالچىلىقتا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشىڭلارغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن. يەنىمۇ تىرىشىپ مەزمۇنى مول، ئىجابىي تەربىيە ئەھمىيىتى زور، قاراتمىلىقى بولغان، ئىلمىيلىكى، ئەمەلىيەتچانلىقى كۈچلۈك بولغان ماقالە ۋە تۈرلۈك ئەدەبىي ئەسەرلەرنى كۆپلەپ بېسىشىڭىزلارنى ئۈمىد قىلىمەن. (1)

ھۆرمەت بىلەن:

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن: **ھاكىم جاپپار**

بۇ ماقالە پېشقەدەم پېداگوگنىڭ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى يولداش ھاكىم جاپپار تەرىپىدىن يېزىلىپ تەھرىر بۆلۈمىمىزگە ئەۋەتىلگەن بولۇپ، كەڭ مۇشتەرىلەرنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن نۆۋەتتىكى سانغا باستۇق. تەھرىر بۆلۈمىمىز يولداش ھاكىم جاپپارنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمايدۇ ۋە ئاپتورنىڭ ژۇرنىلىمىزغا بەرگەن باھاسىغا، مەدەتىگە رەھمەت ئېيتىدۇ.



# يەر ئاستىدىكى سىرلىق مۆجىزىلەر

قەدىمكى زاماندا كىشىلەر يەر ئاستىنى تولىمۇ سىرلىق، قورقۇنچلۇق دەپ قاراپ كەلگەن. دېمىسىمۇ، يەر ئاستىدا ئاجايىپ مۆجىزىلەر يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. لېكىن بۇ مۆجىزىلەرنى ئىلمىي جەھەتتىن چۈشەندۈرۈش، ئۇنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى كىشىلەرگە ئېنىق بىلدۈرۈش كېرەك.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كىشىلەر شىۋېتسىيىنىڭ تاردىجىن دېگەن سودىگەرنى دەپنە قىلىشىۋاتقاندا كۈتۈلمىگەن ئىش يۈز بەرگەن. يەنى، كىشىلەر مېيىتنى گۆرگە سېلىشىغىلا يەرمېيىت ئاستىغا كىرىپ كەتكەن، تالاقزادە بولۇپ كەتكەن كىشىلەر گۆرنىڭ ئاستىدا تېگى يوق بىر قاراڭغۇ ھاڭ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن. بەزى خوراپىي كىشىلەر بۇ سودىگەرنى زېمىن ئۆز قوينىغا ئالماي «18 قەۋەت دوزاق»قا تاشلىۋەتتى، دېيىشكەن، ئەمەلىيەتتە ئۇ تولىمۇ ئاددىي ھەم چۈشىنىشلىك ئىش. چۈنكى سۇنىڭ تاش جىنسلىرىنى يالىشى نەتىجىسىدە ئاشۇ گۆر قېزىلغان جاينىڭ ئاستىدا ئۆڭكۈر پەيدا بولغان. شۇڭا مېيىت ئۆڭكۈرگە چۈشۈپ كەتكەن. بەختكە يارىشا، دەپنە قىلىشقا قاتناشقۇچىلار بۇ قېتىمقى ھادىسىدە خەۋپكە ئۇچرىمىغان.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ 60- يىللىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىلاۋىيانكا شەھىرىدە ھاۋا ئوچۇق بىر كېچىسى كىشىلەر يەر ئاستىدىن ئاڭلانغان گۈلدۈرلىگەن ئاۋازدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىشكەن، ئەتىسى قارىسا بىر ئىمارەتنىڭ يېنىدا چوڭ بىر ئازگال پەيدا بولۇپ قالغان. بىرقانچە كۈندىن كېيىن، ئازگال بارغانسېرى چوڭايغان ۋە ئازگالغا سۇ يىغىلىشقا باشلىغان. ئۇزاق ئۆتمەي ھېلىقى بىنا يەر ئاستىغا چۆكۈشكە باشلىغان ۋە بىر نەچچە سائەتكە قالماي پۈتۈنلەي كۆزدىن غايىب بولغان، ئارىدىن يەنە بىر كۈن ئۆتكەندىن كېيىن بۇ جايدا بىر ئۇزۇنلۇق كۆل پەيدا بولۇپ قالغان.

1980- يىلى ئامېرىكىنىڭ لوئىزىئانا شتاتىدا نۇرغۇن كىشىلەر بىر كۆلنىڭ يەر ئاستىغا چۆكۈپ كەتكەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. شۇ چاغدا كۆلدە تۇرۇۋاتقان 11 يۈك پاراخوتى سەككىز كېمە كۆل بويىغا سېلىنغان بىرنەچچە كورپۇس ئىمارەت بىراقلا يەر ئاستىغا چۆكۈپ كەتكەن، كۆل سۈيى گويا غايەت زور ۋارونكىدىن يەر ئاستىغا قويۇلغاندەكلا كۆرۈنگەن.

ئورالدىكى كۇنگۇس شەھىرىگە يېقىن بىنا كەنتىدە ئەسلىدە بىر كىچىك كۆل بار بولۇپ بىر كۈنى ھېلىقى كۆل تۇيۇقسىزلا يوقاپ كەتكەن. 1921- يىلى موسكۋا شەھىرىنىڭ ئەتراپىدا بىر ئائىلە كىشىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆيى، ئىمارەتلىرى بىراقلا يەر ئاستىغا چۆكۈپ كەتكەن. ئەسلىدە بۇ جاينىڭ ئاستى كونا تۇز قۇدۇقى ئىكەن. (1)

**6 - ساندىكى تېپىشماقنىڭ جاۋابى**

شۋېتسارىيە ئالىمى بانۇن ياراتقان «بانۇن قانۇنى» گاز ئېقىمى بىلەن سۇ ئېقىمىدا، ئەگەر سۈرئەت تېز بولسا قارشىلىق كۈچ ئاز بولىدۇ دېگەندىن ئىبارەت.

ئەركىن




باۋۇدۇن توختى

ياش دوستلار! سىلەر نىمىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟ نۆۋەتتە، پارتىيىمىز ياشلارنى غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق يېڭى بىر ئەۋلاد كىشىلەردىن بولۇشقا چاقىرماقتا. سىلەر بۇ چاقىرىقنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى مەسىلىسىدە قانداق مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقتىڭلارمۇ؟ بۇ مەسىلىلەرنى بەزىلىرىڭلار توغرا چۈشەنگەن بولۇشۇڭلار مۇمكىن، ئېھتىمال يەنە بەزىلىرىڭلار تېخى توغرا چۈشەنمىگەن بولۇشۇڭلار مۇمكىن. مەيلى قانداق بولسۇن بۇ مەسىلىلەرگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىڭلار، ئۇنى توغرا چۈشىنىۋېلىشىڭلار ۋە ئەمەلىي ھەرىكەت جەريانىدا قوللىنىشىڭلار لازىم.

سىلەرگە مەلۇم، ھازىر ئالىي ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىمىزنىڭ ھەممىسىدە ماركسىزم نەزەرىيە دەرسى تەسىس قىلىنغان، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردىمۇ، ماركسىزم يېتەكچىلىكىدىكى ئىدىيىۋى سىياسىي دەرسلىكلەر ۋە ئىدىيىۋى ئەخلاق دەرسلىكلىرى بار. بۇ دەرسلىكلەر ئەخلاقىي، ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ئەتراپلىق يېتىلگەن ياش ئىختىساسلىق كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈشتە، بولۇپمۇ، ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ توغرا كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، دۇنيا قارىشىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز لازىمكى، بۇ دەرسلەر مەكتەپلىرىمىزدىكى پۈتۈن تەلىم - تەربىيىلىرىمىزنىڭ جېنى. خۇددى تۆت ئاساسىي پرىنسىپ دۆلىتىمىزنىڭ خاراكتېرىنى ئىپادىلىگەنگە ئوخشاش، بۇ دەرسلەر سوتسىيالىستىك مەكتەپلىرىمىزنى كاپىتالىستىك مەكتەپلەردىن پەرقلەندۈرىدىغان مۇھىم بەلگە. شۇڭا ئىدىيىۋى سىياسىي ۋە ئىدىيىۋى ئەخلاق تەلىم تەربىيىسىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىڭلار، بۇ دەرسلىكلەرنى تىرىشىپ ئۆگىنىشىڭلار، ياخشى ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشىڭلار كېرەك. ئۇنداق قىلمىساڭلار سىلەر توغرا كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىغا، توغرا دۇنيا قاراشقا ئىگە بولالمايسىلەر، سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىزگە كېرەكلىك ھەم قىزىل ھەم ئىختىساسلىق كىشىلەردىن بولالمايسىلەر.

ئۆتكەنكى ناھايىتى ئۇزاق بىر مەزگىل ئىچىدە، مەكتەپلىرىمىزدىكى ئىدىيىۋى سىياسىي دەرسلىرىمىزدە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى تەكىتلەنمەي، پەقەت دۇنيا قاراشلا تەكىتلىنىپ، دۇنيا قاراش بولغاندىن كېيىن كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى قايتا تەكىتلەشنىڭ ھاجىتى يوق دەپ قارىلىپ كەلدى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، بۇنداق قىلىش توغرا ئەمەس، بىر تەرەپلىمىلىك. ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ مەكتەپلىرىمىزدە ئوقۇغۇچىلىرىمىزغا بېرىدىغان ئىدىيىۋى، ئەخلاقىي تەربىيىمىز كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى بىلەن دۇنيا قاراش جەھەتتىكى ئاقارتىش تەربىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بىر تەرەپلىمە ھالدا بىرىنى تەكىتلەپ يەنە بىرىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ.

شۇڭا بىز ئىدىيىۋى، ئەخلاقىي تەلىم - تەربىيىگە ئەھمىيەت بېرىپ، دۇنيا قاراش جەھەتتە

روھ بىلەن ماددا، سۇبيېكتىپ بىلەن ئوبيېكتىپ، ئەركىنلىك بىلەن مۇقەررەرلىك، ھادىسە بىلەن ماھىيەت قاتارلىقلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى توغرا چۈشىنىپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئەھمىيىتى، شەخسى بىلەن جەمئىيەت، ھوقۇق بىلەن مەجبۇرىيەت، بەخت بىلەن قۇربان بېرىش، يېڭىلاش بىلەن ئەنئەنە، مۇۋەپپەقىيەت بىلەن مەغلۇبىيەت، ھېسسىيات بىلەن ئىدراك، مۇھەببەت بىلەن نەپرەت، مۇھىت بىلەن ئىرادە، غايە بىلەن رېئاللىق قاتارلىقلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن ياشىشى لازىملىقى، قانداق ياشاشنىڭ لازىملىقى ۋە قانداق ئادەم بولۇشنىڭ لازىملىقى قاتارلىقلارنى توغرا چۈشىنىۋېلىشىمىز لازىم. شۇنى ئېنىق بىلىۋېلىشىمىز كېرەككى، ئەگەر بىزدە توغرا كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى تۇرغۇزۇلمايدىكەن، ئۇ ھالدا دۇنيا قاراشنى ھەر قانچە تەكىتلىگەن بىلەنمۇ ئۇنىڭ رولى بولمايدۇ.

ئۇنداقتا كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى قانداق مەسىلە؟ ئۇ قانداق مەزمۇنلارنى ئىچىگە ئالىدۇ؟ ئۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئاساسىي تۈپ مەسىلە نېمە؟ مانا بۇ ھازىرقى سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىزنىڭ ياشلىرىدا بولۇشقا تېگىشلىك ئەقەللىي ساۋات.

كىشىلىك تۇرمۇش مەسىلىسى ماھىيەتتە كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ مەخسىتى، ئۇسۇلى، ئەھمىيىتى توغرىسىدىكى ئومۇمىي تۈپ نۇقتىئىنەزەر. ئالايلۇق ئەمگەك، ئۆگىنىش، تۇرمۇش، كۈرەش، غايە، كەسىپ، ئىستىقبال، چىقىش يول، بەخت، دوستلۇق، مۇھەببەت، نىكاھ، ئائىلە ۋە قايغۇ بىلەن شاتلىق، شەرەپ بىلەن نومۇس، تۇغۇلۇش بىلەن قېرىش، كېسەللىك بىلەن ئۆلۈشكە ئوخشاش مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى كىشىلىك تۇرمۇش كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ. ھەر قانداق بىر ئادەم بۇ ئىشلاردىن خالى بولالمايدۇ. ھەمدە ئەقلىي ھوشى جايىدا كىشىلەرنىڭ ھەممىسىدە بۇ ھەقتە مەلۇم كۆز قاراش بولىدۇ. مانا بۇ، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى دېيىلىدۇ.

ئادەملەرنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى تۈرلۈك بولىدۇ. كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي ئورنى، سىنىپىي ئورنى ۋە دۇنيا قارىشى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. گەرچە ئادەملەرنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى تۈرلۈك بولسىمۇ، ئومۇمەن مۇنداق ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىلىدۇ. بىرى تارىخىي ئىدىيالىزملىق كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، يەنە بىرى تارىخىي ماتېرىيالىزملىق كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى. ياكى ھازىرقى زاماندىكى نىسبىي ئاساسىدىن ئېيتقاندا، بىرى بۇرژۇئا كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، يەنە بىرى كوممۇنىستىك كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى بولۇپ ئايرىلىدۇ.

تارىخىي ئىدىيالىزملىق ياكى بۇرژۇئا كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىدىكى كىشىلەر دۇنيادا يېيىش، ئىچىش، كىيىشتىن باشقا، كەيپ - ساپا، ئەيش - ئىشرەت، ئويۇن - تاماشىدىن باشقا راھەت - پاراغەت يوق دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش پەلسەپىسى: «ئادەم پۇل، بايلىق ئۈچۈن، قۇشلار دان ئۈچۈن جان بېرىدۇ» دېگەندىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ قوغلىشىدىغىنى بايلىق، شەخسى نام - شۆھرەتتىن ئىبارەت، ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى پەلسەپىسى: «يولۋاس ئۆلسە تېرىسى قالۇر، ئادەمنىڭ نام - شۆھرىتى بولمىسا نېمىسى قالۇر» دېگەندىن ئىبارەت. ئۇلار شەخسى نام - شۆھرەت، مەنسەپ ئۈچۈن جېنىنى تىكىپ قويىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئېكسپلاتسىيە يوللۇق، ئادەم ئادەمنى ئېزىش يوللۇق، يۇۋاشنى بوزەك ئەتمىسە جاھان ئۆرە تۇرالمايدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ. بۇنداق كىشىلەر

ئەگەر قۇدرىتى يەتسە ئالەمنى كاپ ئېتىپ يۇتۇۋالغۇسى كېلىدۇ.

يۇقىرىقىلارنىڭ ئەكسىچە، تارىخىي ماتېرىيالىزملىق ياكى كوممۇنىستىك كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىدىكى كىشىلەر «كۈرەش، جاپالىق ئىشلەشتىن بەخت كېلىدۇ» دېگەن تۇرمۇش پەلسەپىدە چىڭ تۇرىدۇ. ئۇلار ئۇلۇغۋار كوممۇنىستىك غايىگە ئىگە بولغان بولىدۇ، شۇڭا ئۇلار شەخسىيەتچىلىككە قارشى تۇرىدۇ، ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدۇ. جاپاغا چىداپ بېرىلىپ ئىشلەيدۇ. خەلققە، يولداشلارغا ئۆزىنىڭ سەمىمىي مۇھەببىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلارغا يارىدەم بېرىشنى شەرەپ دەپ بىلىدۇ. خەلق ئۈچۈن جاپانىڭ ئالدىدا، راھەتنىڭ كەينىدە تۇرىدۇ، مەنسەپ، ئورۇن، نام ـ شۆھرەت تالاشماستىن، قىلغان خىزمىتىنىڭ ئاز كۆپلىكىنى، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنى سېلىشتۇرىدۇ. ئۇلار دۆلەتمەن بولغاندا چىرىكلەشمەيدۇ. نامراتلىقتا تەۋرەنمەيدۇ. دۈشمەنلەرنىڭ تەھدىتى ئالدىدا قارىغايدەك تىك تۇرىدۇ، ھەرگىز باش ئەگمەيدۇ.

كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىدىكى تۈپ مەسىلە ئۆزىگە قانداق مۇئامىلە قىلىشتا، جەمئىيەتكە، ئاممىغا قانداق مۇئامىلە قىلىشتا، باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە، جەمئىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە قانداق پوزىتسىيە تۇتۇشتا ئىپادىلىنىدۇ. بۇ مەسىلىلەردە بىز بۇرژۇئا شەخسىيەتچىلىك كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىغا قارشى تۇرۇپ، پرولېتارىياتنىڭ، كوللېكتىپىزملىق، كوممۇنىستىك كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى تۇرغۇزۇشىمىز ئۇنى ئۆز ئەمەلىي ھەرىكىتىمىزگە سىڭدۈرۈشىمىز ۋە يېتەكچى قىلىشىمىز كېرەك. (1) (داۋامى كېيىنكى ساندا)

دۈشمەن كاللىمىزنىلا كېسەلەيدۇ، ئەمما ئېتىقادىمىزنى ھەرگىزمۇ تەۋرىتەلمەيدۇ، چۈنكى بىز ئېتىقات قىلغان مەسلەك ئالەمنىڭ ھەقىقىتى.

— فاڭ جۇمىن

بىزنىڭ مۇشۇنداق ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك دۆلىتىمىزدە ياشاۋاتقان ياشلاردا ئالىيجاناپ غايە بولمىسا تولىمۇ ئېچىنىشلىق بولىدۇ. كوممۇنىستىك غايىگە ئىگە بولمىغان كىشى خۇددى يولدىن ئېزىپ قالغانغا ئوخشاش، ئەتە نەگە بېرىشنى، نېمە قىلىشنى بىلەلمەيلا قالماستىن، ھەتتا بۈگۈن نېمە قىلىشنى، نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىش كېرەكلىكىنىمۇ ئاڭقىرالمايدۇ.

— تاۋجۇ

ئىنقىلابىي غايە بەزىدە بولۇپ، بەزىدە بولمىسىمۇ بولۇۋېرىدىغان زىننەت بۇيۇمى ئەمەس. بەلكى ئۇ بىر كىشىنىڭ ھاياتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى. غايىلىك بولۇش — جان بولغانلىق بىلەن باراۋەر.

— ۋۇيۇندۇ

بىز بىر خىل غايە ئىچىدىن مەنىۋى كۈچ تېپىشىمىز كېرەك. مەن بۇ خىل غايىنىڭ بىزنى مەغرۇرلاندۇرىدىغان ئەمەس، بەلكى بىزنىڭ ئۈمىد ۋە خىياللىرىمىزنى تېخىمۇ يۈكسەكلىككە كۆتۈرەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

— كېيورى خانىم

ھەر بىر كىشىدە بەلگىلىك غايە بولىدۇ. بۇ خىل غايە ئۇنىڭ تىرىشىش ۋە ھۆكۈم قىلىش نىشانىسىنى بەلگىلەيدۇ، مۇشۇ مەنادىن ئېيتقاندا، مەن ئەزەلدىن ئاراملىق ۋە خۇزۇرلۇقنى تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتى دەپ قارىغىنىم يوق. مەن بۇنداق تەزەرىيەۋى ئاساسنى چىرىپ كەتكەن غايە دەيمەن. (1)

— ئېينىشتېيىن

(خالىس تەرجىمىسى)

# سىز مۇنداق قىزىقارلىق ئىشلارنى ئاڭلىغانمۇ...

بىز ياشاۋاتقان بۇ دۇنيا ئاجايىپ ئىشلار بىلەن تولغان. ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى ۋە دۇنيادىكى قىزىقارلىق ئىشلار ھەققىدە نىمىلەرنى بىلىسىز؟ مانا مۇنداق قىزىقارلىق ئىشلارنىڭ بولغانلىقىنى ئاڭلىغانمۇ؟

△ بەزى دۆلەتلەر بىر يىلدا ئىككى قېتىم دۆلەت بايرىمى ئۆتكۈزىدۇ، مەسىلەن دانىيە، بېلگىيە، تۇنىس.

△ ئامېرىكىدىكى ئىندىئانلار ئالاھىدە ياسالغان چىلىم بىلەن بۇرنىدا تاماكا چېكىشكە ئادەتلەنگەن.

△ داڭلىق رەسىم «مانالىزا» نىڭ تۇنجى خېرىدارى فرانسىيە پادىشاھى فرانسىس I بولۇپ، ئۇ بۇ رەسىمنى ئۆزىنىڭ مۇنچىسىنى زىننەتلەشكە ئىشلەتكەن.

△ ئۇيغۇ دورىسى ئەمەلىي ئۇخلاش ۋاقتىڭىزنى ئازايتمۇيتىدۇ. تەبىئىي ئەھۋالارنىڭ چۈشىدە ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ. مەنزىرە بولمايدۇ.

△ شىكەرجەۋھىرىنى روسىيە پەن-تېخنىكا خادىملىرى ئويلىمىغان يەردىن تەسادىپى كەشپ قىلغان.

△ سىنيۇرىخشەھىرىدىكى ھەر بىر يۇقرانىڭ ئاخىرەتلىك خىراجىتىنى پۈتۈنلەي ھۆكۈمەت كۆتۈرىدۇ.

△ ياپونىيىدە بىر قاتىل ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغاندىن كېيىن 20 يىل كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىنغان.

△ ئەگەر دۇنيادىكى ھاشاراتلارنىڭ ئېغىرلىقىنى قوشقاندا، بارلىق ئادىمىزاتنىڭ ئومۇمىي ئېغىرلىقىدىن 11 ھەسسە ئېغىر بولىدۇ.

△ كىرىست بەلگىسى ئىلگىرى كونا جۇڭگودا پاھىشىخانىنىڭ بەلگىسى ئىدى.

△ ناپالىيون توپچى ئەسكەرلەرنىڭ بەنجاڭى بولۇشتىن ئىلگىرى، ئۇنىڭ مەكتەپتىكى بىلەتتىجىسى ئىنتايىن ناچار بولۇپ، ئىمتىھان نەتىجىسى سىنىپتىكى 58 ئوقۇغۇچىنىڭ ئارىسىدا 42 - ئورۇندا تۇراتتى.

△ ئامېرىكىلىق دونسار ئېپەندى يەر يۈزىدىن 198 مېتر كېلىدىغان ئېگىزلىكتە تىك ئۇچار ئايروپىلاندىن بىر دانە خام تۇخۇمنى يەرگە تاشلىغان، تۇخۇم يەرگە چۈشۈپ چېقىلماي، ناھايىتى غەلىتە دۇنيا رېكورتىنى ياراتقان.

△ شىرنىڭ يۈرىكى بارلىق گۆشخور ھايۋانلار ئىچىدە ئەڭ كىچىك.

△ لەھەڭ ئۇيۇشماق سۆڭەكلىك بېلىق، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىدە بىر تالمۇ قاتتىق سۆڭەك يوق.

△ سۇ ئېيتى ئۇنتۇلغاق ھايۋان، مۇبادا قاتتىق يامغۇر ئۇنىڭ ئىززىنى يۇيۇۋەتسە، ئۇ كەلگەن يولنى بىلەلمەي، ئۇۋىسىغا قايتالمايدۇ.

△ ئافرىقىنىڭ فىلو دوسا كالىسى تۇيىقى بىلەن سۇ ئىچەلەيدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ تۆت پۇتىنىڭ تۇيىقىغا يېقىن جايىدا! ئاشقازان بىلەن تۇتىشىدىغان نەپەس خالتىسى بولۇپ سۇدا بىرنەچچە مىنۇت تۇرسىلا ئۆزلۈكىدىن سۇ سۈمۈرەلەيدۇ. (1)

ژۇرنىلىمىز تەھرىرلىرىنىڭ

شەرتلىك نومۇرى

ساۋۇت سالاھىدىن (1)

ئەربىيە روزى (4)

مامۇت ئەھمەد (5)

ئۆركەش ئىبراھىم (8)

تاۋۇت ساۋۇت (6)

ئە. ئىبراھىم (7)

دىلشاد مەھەممەد (3)

ئابدۇكېرىم ئابدۇمىجىت (9)

## بىز ھەممىيلەن پارتىيە ئەزاسىغۇ

خېبېي ئۆلكىسىنىڭ شىگتەي رايونىدا 1966- يىلى ئەتىيازدا يەر تەۋرەش يۈز بەرگەن. جۇزۇگىلى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋەكالىتەن ئاپەت يۈز بەرگەن جايغا بارغان. كۈنى دەپ نەچچە مىڭ كىشى بۇ جايدا قاتتىق بوران ئارىلاش يامغۇر يىغىۋاتاتتى. بىر كۈن بۇرۇن ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى جياڭ جيەن كەڭ سەيىنادا بىر نەچچە مىڭ كىشى قاتناشقان يىغىن چاقىرىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان ئىدى. جۇزۇگىلى يىغىن مەيدانىغا كىرگەندە، كىشىلەرنىڭ يامغۇردا قالغانلىقىنى كۆرۈپ، يولداش جياڭ جيەننى تەنقىد قىلغان ھالدا، «بۇ نېمە قىلغىنىڭىز، بىر ئادەمنى نى يامغۇردا قالدۇرسا بولامدۇ؟ بىز ھەممىيلەن پارتىيە ئەزاسىغۇ، سىز ئويلاپ بېقىڭ، كوممۇنىستلاردا نەدىمۇ كۆپچىلىكنى جاپا چەكتۈرۈپ ئۆزى راھەت كۆرۈش قائىدىسى بار» دەيدۇ. (1)

## ليۇشاۋچىنىڭ ئەھۋال سوراشتۇرۇشى

خۇنەندىكى بىر ئېلىبكتر ئىستانسىسىنىڭ 20 نەچچە ياشلىق بىر ئايال ئىشچىسى مەھەللىسىدىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى ناھايىتى قىيىنچىلىقتا قالغانلىقىنى كۆرۈپ 1960- يىل 7- ئايدا بېيجىڭغا بېرىپ گوۋۇيۈەننىڭ شىمالىي دەرۋازىسى ئالدىغا «خەلق كۈتكۈچىسى ئورۇنسىز خىيالەتچى، يوقىتايلى» دېگەن شۇئارنى بىراقلا ئالتىنى چاپلايدۇ. ئۇ بۇ ئارقىلىق ئەھۋال ئىنكاس قىلماقچى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۇسۇلى خاتا بولسىمۇ، يامان مەقسىتى يوق ئىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىقى بۇنى زەق ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەت، قاتتىق جازالاش كېرەك، دەپ قارايدۇ، يولداش ليۇشاۋچى بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن دەرھاللا مۇناسىۋەتلىك يولداشلارغا ئۇنىڭغا جازا كەسمەي يۇرتىغا ئاپىرىپ قويۇشنى تاپشۇرىدۇ. ئەمما يەرلىك سوت مەھكىمىسى ئۇنىڭغا يەنىلا بەش يىللىق مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىدۇ. ليۇشاۋچى بۇ ھۆكۈمنى كۆرگەندىن كېيىن ناھايىتى خاپا بولۇپ ئەدلىيە ئورگانلىرىنى قايتا تەكشۈرۈشكە بۇيرۇيدۇ. 1961- يىل 1- ئايدا خۇنەن ئۆلكىلىك ئەدلىيە ئورگانلىرى ئۇنى خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت بويىچە بىر تەرەپ قىلىپ، ئەسلى ھۆكۈمنى بىكار قىلىدۇ. (1)

## سىنوۋنىڭ جۇدىي ھەققىدە ئېيتقانلىرى

جۇدي ناھايىتى ئاق كۆڭۈل ئادەم ئىدى. ئۇ تۇرمۇشتا ئەسكەرلەرگە ئوخشاش ئاددىي كىيىم كىيەتتى، بىللە تاماق يەيتتى. ھەرقانچە قىيىنچىلىق تارتسىمۇ زارلانمايتتى. ھەربىي قوشۇندىكى ئاددىي بىر جەڭچىمۇ باش قوماندانغا بىۋاسىتە ئەرز قىلالايتتى. جۇڭگودا، كۆپلىگەن ئادەملەر جۇدىنىڭ نامىنى بىلىدۇ. ئۇنى پارلاق ئۈمىد دەپ قارايدۇ، چەت ئەللەردە جۇدي «غالىبىيەت» دېگەن سۆزنىڭ سىمۋولى. بىر قېتىم جۇدي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەرمەنىستان جۇمھۇرىيىتىگە زىيارەتكە بارغان چېغىدا ئۇنى باشلاپ ماڭغان بىركىشى: «مەن پىنسىيونېر ۋاقتىمدا، سوقۇش ئويۇنى ئوينىغان، ئۇنىڭدا كىم غەلىبە قىلسا شۇ جۇدي دەپ ئاتىلىدىغان» دەپ قىزىقارلىق بىر ھېكايە سۆزلەپ بەرگەن. (1)

## مېنىڭ خىزمىتىم ئۈچۈن بەرگەن

يولداش پېڭ دېخۇەي ئۆزىگە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن ماشىنىنى ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ راھەت كۆرىدىغان نەرسىسى دەپ قارىمايتتى. تەشكىل كۆپ قېتىم ئۇنىڭ ماشىنىسىنى ئالماشتۇرۇپ بېرىشنى ئېيتقاندىمۇ ئۇ زادىلا ئۇنىمىغان ئىدى. ئۇ باشقىلارغا «تەشكىل ماشىنىنى خىزمىتىم ئۈچۈن بەرگەن. ئائىلە تاۋاباتلارنىڭ ئىشلىتىش ھوقۇقى يوق» دېگەن. يولداش پېڭ دېخۇەينىڭ ئائىلى بىرمەزگىل مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇيدۇ. مەكتەپ ئۆيىگە يىراق بولۇپ ھەر شەنبە قايتىپ كېلىپ دۈشەنبە كۈنى سەھەردە قايتىپ كېتىدىغان بولسىمۇ بىرەر قېتىممۇ پېڭ دېخۇەينىڭ ماشىنىسىغا ئولتۇرماي ھەممىشە باشقا كۇرسانتلار بىلەن بىللە ئورگاننىڭ ماشىنىسىغا ئولتۇرغان. (1)

(ھەمدۇل قاسىم تەرجىمىسى)

## چېن يىنىڭ پارتىيىگە يازغان ئىلتىماسى

يولداش چېن يىي شاڭخەي شەھىرىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان مەزگىلدە، جۇڭگولۇق ئۇنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بولۇش ھەققىدە پىكىر ئېلىش ئۈچۈن مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىدۇ. چېن يىي دەماللىققا جاۋاب بەرمەي كېيىنچە مەركەزگە بىرپارچە خەت يازىدۇ. خەتتە: «مەن گەرچە چەت ئەلدە ئوقۇغان، ئارمىيىدە ئىشلىگەن چېغىمدا چەت ئەللىك دوستلار بىلەن ئۇچراشقان، ئۇلارغا ياردەملىشىپ، بەزى خىزمەتلەرنى ئىشلىگەنلىكىم ئۈچۈن كىشىلەر مېنى دىپلوماتىيە ئىشلىرىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ، دەپ قارىسا كېرەك. بىراق مېنىڭ بەزى چاغلاردا قىلغان گەپ سۆزلىرىم بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىگە ئىگە، قىسمەن چاغلاردا ھېسسىياتقا بېرىلىپ ئىش قىلىپ سالىمەن. گەپ سۆزنىڭ سالمىقىغا تازا دىققەت قىلىپ كېتەلمەيمەن. ئۆز يولداشلىرىمىزغا قارىتا ئارتۇق كەتكەن جايلار بولسا ئەپۇ سورىۋالغىلى بولىدۇ، ئۇلارمۇ كەچۈرىدۇ. دىپلوماتىيە ئىشلىرىدا بولسا مۇنداق قىلىش قازان قومۇچنى چېقىشقا ئېلىپ بارىدۇ. مەن كۆپ ئويلاندىم، دىپلوماتىيە ئىشلىرىنى تازا ئەپلەشتۈرەلمەيدىغاندەك قىلىمەن، شۇڭا مەركەزنىڭ قايتىدىن ئويلىشىپ كۆرۈشىنى سورايمەن ...» (1)

## تاۋجۇنىڭ قىزىدىن ئەپۇ سورىشى

يولداش تاۋجۇنىڭ تاۋسىلياڭ ئىسىملىك بىرلا قىزى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ قىزىنى تەربىيىلەشتە قاتتىق تەلەپ قوياتتى. تاۋجۇ ھەر قېتىم چەت ئەلگە چىقىشتىن ئىلگىرى قىزى دادىسىغا: «باشقىلارنىڭ دادىسى چەت ئەلگە چىقسا ھەممىشە بالىلىرىغا سوۋغات ئالغاچ كېلىدىكەن، ئەمما سىز ماڭا ھېچ نەرسە ئالغاچ كەلمەيسىز» دەيدۇ. تاۋجۇ بۇنى ئاڭلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ: بۇ قېتىم چەت ئەلگە چىققاندا سىزگە سوۋغات ئالغاچ كېلەي دەيدۇ. ئەمما قايتىپ كەلگەندە، ھېچ نەرسە ئالغاچ كېلەلمەيدۇ. ئۇ ناھايىتى ئەپسۇسلانغان ھالدا قىزىغا چۈشەندۈرۈپ «ئەسلىدە سىزگە بىرقۇر كىيىم ئالغاچ كەلمەكچى ئىدىم، ئەمما كىيىم سېتىۋالىدىغان پۇلغا مەلۇم زاۋۇتقا ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان بىر ھېسابلاش ماشىنىسى سېتىۋالدىم» دەيدۇ ـ دە، قىزىدىن ئەپۇ سورايدۇ. (1)

# ئەدەبىياتتىن ئىبارەت تار يولغا ھەممەيلەن تىقىلىشىۋالمايلى

ئېلىمىزنىڭ ئاتاقلىق يازغۇچىسى ۋاڭ مېڭ يېقىندا يازغان بىر ماقالىسىدا مۇنداق دېگەن: مەن ياشلارنىڭ ھەممىسىلا يازغۇچى بولۇش ئىرادىسىگە كېلىشىنى قۇۋۋەتلىمەيمەن. شۇنداقلا مەملىكىتىمىزدىكى مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە بولغانلىكى ياشلارنىڭ تۈركۈم-تۈركۈملەپ ئەدەبىي ئىجادىيەت يولىغا كىرىپ كېلىشىنىمۇ ياخشى باشلىنىش دەپ قارىمايمەن.

بىز سەگەكلىك بىلەن شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشقا قەدەم قويغان بۈگۈنكى كۈندە، مەملىكىتىمىزدە نۇرغۇنلىغان قىلىشقا تېگىشلىك خىزمەتلەر ئىرادىلىك ياشلارنى چاقىرىۋاتقاندا، ئەدەبىي ئىجادىيەت ھەرھالدا شۇنىڭ ئىچىدىكى بىر سەپ، لېكىن ھازىر مەملىكىتىمىزدە ئەڭ ئازدېگەندە تەخمىنەن نەچچە مىليون ياش يازغۇچى بولۇشنى ئارزۇ قىلىۋېتىپتۇ. بۇ تار يولغا قانچىلىغان كۆپ ئادەم تىقىلىشىۋالغان-ھە. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ قازانغان مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ ئۈنۈمى شۇ قەدەر تۆۋەن تۇرسا، بىز ئەشۇ ياشلارغا ئەھۋالنى بۇرۇنراق ئېيتىپ قويمىساق بولامدۇ؟

«ئىرادىلىك ئادەم ھەر قانداق ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالايدۇ» دېگەن بۇ تەمسىلنىڭ ئەدەبىيات مەشقى بىلەن شۇغۇللىنىشتا يېتەكچى ئەھمىيىتى بولامدۇ-يوق؟ مېنىڭچە، ئىرادىلىك ئادەم ھەرقانداق ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالايدۇ، دېگەن سۆز ئادەتتە پەقەت بىر ئادەمنىڭ ئالغا ئىنتىلىش ۋە ئەمەلىي ئىشلەش روھىغا ئىلھام بېرەلەيدۇ. ئۇ ھەرگىزمۇ بىر ئىلمىي ھۆكۈم ئەمەس. «ئىرادىلىك ئادەم ھەر قانداق ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالايدۇ» دېگەن سۆز ئەلۋەتتە ئۈچۈن ئادەملەرگە باغلىق بولىدۇ. گەپ ئۇنىڭ ئىرادىسىنىڭ قانداقلىقىدا، ئىرادە ئىگىلىگۈچى قانداق شارائىتقا ئىگە ئىكەنلىكىدە، ماڭغان يولىنىڭ قانداقلىقىدا ۋە قانداق ئۇسۇل قوللانغانلىقىدا قاراشتا.

يېقىندا گېئولوگىيە كەسپىدە ئوقۇۋاتقان بىر ئوقۇغۇچى ماڭا ئۆزىنىڭ جۇڭگودىكى تولستوي بولۇشقا ئىرادە باغلىغانلىقى ھەققىدە خەت يېزىپتۇ. ئەمما يازغان خېتىدە خاتا خەتلەرنىڭ ھايىتى كۆپ ئىكەن. ئەدەبىيلىك جەھەتتىمۇ راۋان ئەمەس ئىكەن. بۇنداق ياشلارغا قارىتا، ئۇلارنىڭ ئاخىرقى نەتىجىدە ھەممىدىن قۇرۇق قالىدىغانلىقىنى، تولستوي بولالمايلا قالماستىن، بەلكى ھازىرقى ئۆگىنىۋاتقان گېئولوگىيە كەسپىگىمۇ دەخلى يەتكۈزىدىغانلىقىنى شۇنداق قىلىپ ئۆزىگە ئۆزى زىيان كەلتۈرىدىغانلىقىنى ئالدىنئالا ئۇقتۇرۇپ قويۇش كېرەك. ھەممە ئادەمنى ئەدەبىي ئىجادىيەت يولىغا باشلاش توغرا ئەمەس.

ھازىر 80-يىللارنىڭ باشلىرى، ياشلار ئالدى بىلەن ھەر خىل ھەر تۈرلۈك خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئىرادە تىكلىشى لازىم. ھەرگىز ئەدەبىي ئىجادىيەتتىن ئىبارەت تار يولغا تىقىلىشىۋالماسلىقى كېرەك. قىسقىسى، سىلەر ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا يازىمەن دېگەن تەقدىردىمۇ ھېچقانداق ئاساسىڭلار بولمىسا ياخشى يازالىشىڭلار ناتايىن، سىلەر ئەڭ ياخشىسى زومۇ-زو يازغۇچى بولۇشتىن ئىبارەت قۇرۇق خىيالدىن ۋاز كېچىڭلار. تۇرمۇشتا تەلەي سىناشقا ئۇرۇنماڭلار. (8)



# ئىجادىي ئىقتىدار ئۆستۈرۈشنىڭ تېخنىكىلىق ئۇسۇللىرى

ئىسلامجان شېرىپ

ئەقىل بايلىقىنى ئېچىش بويىچە ناھايىتى زور دولقۇن قانات يېيىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، تۈرلۈك ئىجادىيەت مېۋىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشقا تەدبىقلاش ئۈچۈن ئىجادىيەتنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ۋە ئىجادىيەتنىڭ ئىچكى ئاشقى ئامىللىرىنى ئورگىنىدىغان ئۇسۇللارنى ئىگىللەش ئىنتايىن مۇھىم. تۆۋەندە ئىجادىي ئىقتىدارنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئۇسۇللىرى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىمىز.

ئۇنىۋېرساللاشتۇرۇش. بىزگە مەلۇمكى، ئۇنىۋېرساللاشتۇرۇش ئىختىرا تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم يۆزىلىشى. مەسىلەن، ئۇنتالغۇغا رادىئو قوبۇللىغۇچ، ئاۋاز كۈچەيتكۈچ، مىكرافون، ئېلېكترونلۇق سائەت قاتارلىقلار قوشۇلغاندىن كېيىن ئۇنتالغۇ بىر مۇنچە ئىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولدى. ماي قەلەمنىڭ قاپقۇچىغا ئېلېكترونلۇق سائەت ئورنىتىلغاندىن كېيىن، سائەتلىك قەلەم كېلىپ چىقتى. قېرىنداشنىڭ بىر ئۇچىغا رېزىنكە بېكىتكەندىن كېيىن ئۆچۈرگۈچى بار قېرىنداش كېلىپ چىقتى. دېمەك ئەسلىدە بىر-بىرى بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق نەرسىلەرنى ئۇنىۋېرساللاشتۇرۇپ بىر گەۋدە قىلغاندا يېڭى ئىختىرا پەيدا بولدى. شۇڭا ئېيتىمىزكى، ئۇنىۋېرساللاشتۇرۇش بىر خىل ئىجادىيەت بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ياش كەشپىياتچىلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ تەپەككۇر قىلىشقا، كۆپ تەرەپلەرنى ئۇنىۋېرساللاشتۇرۇپ ئىختىرا قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش لازىم. مانا بۇ ئىجادىي ئىقتىدارنى ئۆستۈرۈشنىڭ بىرىنچى ئۇسۇلى.

شالغۇتلاشتۇرۇش. بۇ ئارقىلىق يۇقىرى مەھسۇلاتلىق زىرائەت سورتلىرىنى يېتىشتۈرگىلى، مال چارۋىلارنىڭ نەسلىنى ياخشىلىغىلى، يېڭى نەتىجە ياراتقىلى، ئاۋۋالقى ھالەتنى ئۈستۈن سەۋىيىگە كۆتەرگىلى بولىدۇ. شالغۇتلاشتۇرۇش ئىجادىيەتتىكى ناھايىتى زور ئۈنۈم بېرىۋاتقان ئۇسۇل بولۇپ، كىشىلەرگە بارغانسېرى كۆپلەپ ئىجادىيەت ساھەلىرىنى ئېچىپ بەرمەكتە، خىمىيىۋى بىرىكمىلەرنىڭ بىر ئەسىرگە بارمىغان ۋاقىت ئىچىدە ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ تۆت مىليون خىلغا يېتىشى بۇ ئۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. شۇڭا ياشلارنى شالغۇتلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى ئىگىلەشكە رىغبەتلەندۈرۈش لازىم. مانا بۇ ئىجادچانلىق ئىقتىدارنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئىككىنچى ئۇسۇلى.

ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش. ئۆزگەرتىشتىن ئىجادىيەت ھاسىل بولىدۇ. يېڭىلىق يارىتىلىدۇ. مەسىلەن تىراللىبوسنىڭ رېلىسىنى ئېلىپ تاشلاپ توك زەنجىرىگە چاتقاندا تىراموۋاي كېلىپ چىقتى. ياغاچ چاقلىق ھارۋىلارنىڭ ياغاچ چاقىنىڭ ئورنىغا بالون بېكىتكەندىن كېيىن يەل قاپانلىق ھارۋىلار كېلىپ چىقتى... دېمەك، ئەنئەنىۋى نەرسىلەرنى ئۆزگەرتكەندە ئىش ئۈنۈمى يۇقىرى بولغان يېڭى نەرسىلەرنى ئىجاد قىلغىلى بولىدۇ. شۇڭا، ياشلارنى ئەنئەنىۋى نەرسىلەرنى ئۆزگەرتىشكە رىغبەتلەندۈرۈش لازىم. مانا بۇ ئىجادچانلىقنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئۈچىنچى ئۇسۇلى.

چوڭايتىش ۋە كىچىكلىتىش. بۇ ئىختىرانىڭ

بىر تۈرى ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، پاراخوتلارنىڭ ئۈستىنى كەپشەرلەپ بېكىتىش ئارقىلىق چوڭ كېمە پاراخوتلار ئىجاد قىلىندى. ئېلېكترلىك شامال دۇرغۇچقا قارارلىق توختىتىش ئەسۋابى ئورنىتىلىپ ئۆزلۈكىدىن توختايدىغان قىلىندى. تامغا ئاسىدىغان يوغان سائەتلەرنى ئۆزلۈكسىز كىچىكلەتكەندىن كېيىن بۈگۈنكى قول سائىتى كېلىپ چىقتى. شۇڭا ياشلارنى كىچىك نەرسىنى چوڭايتىش ۋە چوڭ نەرسىنى كىچىكلىتىشكە رىغبەتلەندۈرۈش لازىم. مانا بۇ ئىجادىي ئىقتىدارنى ئۈستۈرۈشنىڭ تۆتىنچى ئۇسۇلى.

تەقلىد قىلىش. بۇ ئارقىلىق باشقا جايلارنىڭ ئىلغار تېخنىكىسىنى توغرا ئىگىلەپ ئېھتىياجىغا ماس كېلىدىغان تېخنىكا ۋە مەھسۇلاتلارنى ئۆزلەشتۈرگىلى ۋە ئىجاد قىلغىلى بولىدۇ. ياپونىيە ئۆز ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش داۋامىدا تەقلىد قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، زور ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئىگە بولدى. ياپونىيىنىڭ ماشىنا، موتسىكلىتلىرىنىڭمۇ دۇنيا بازىرىنى ئىگىلىشىمۇ تەقلىد قىلىشقا ئەھمىيەت بەرگەنلىكىدىن بولغان، بەزى تېخنىكىلارنى ئىگىلەش، رىقابەتچىنىڭ سەۋىيىسىنى چۈشىنىپ ۋە تەقلىد قىلىپ قوراشتۇرۇش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. شۇڭا ياش كەشپىياتچىلارنى تەقلىد قىلىش تەتقىقاتىغا رىغبەتلەندۈرۈش لازىم. مانا بۇ ئىجادىي ئىقتىدار ئۈستۈرۈشنىڭ بەشىنچى ئۇسۇلى.

نۇقسان تېپىش. بىر نەرسىدىكى نۇقساننى تېپىش ۋە ئۇنى ھەل قىلىشمۇ ئىجاد قىلىش بولىدۇ. كۈندىلىك خىزمەتتە كەمچىلىكلەرگە جىددىي قارىغاندا، ھەرقانداق نەرسىدىكى نۇقساننى بايقاپ ئىجادىيەت ياراتقىلى بولىدۇ، كىر ئالغۇنىڭ كەشپ قىلىنىشى كىشىلەرنى قول بىلەن كىر يۇيۇشتىن ئازاد قىلغان بولسىمۇ، ئەمما، كىر ئالغۇدا يوغان كىيىملەرگە ئوخشاش يىپلار چاپلىشىپ قالاتتى. شۇڭا، كىشىلەر كىيىملەرنى پاكىزە يۇيۇش ئۈچۈن كىر ئالغۇدىكى شۇ نۇقسانغا جىددىي قاراپ، ئۇنىڭغا يىپ سۈزگۈچى خالتا ياساپ ئىشلىتىش ئارقىلىق نۇقساننى ئوڭشىدى. تۇرمۇشتا مۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. ئەنە شۇنداق ئەنئەنىۋى نەرسىلەردىن نۇقسان تېپىش ۋە ئۇنى ئوڭشاشمۇ ئىختىرا بولىدۇ. شۇڭا ياش كەشپىياتچىلارنى ئەنئەنىۋى نەرسىلەردىكى نۇقسانلارنى پايقاشقا رىغبەتلەندۈرۈش لازىم. مانا بۇ ئىجادىي ئىقتىدار ئۈستۈرۈشنىڭ ئالتىنچى ئۇسۇلى.

يېڭىباشتىن قوراشتۇرۇش. بىر نەرسىنىڭ زاپچاسلىرىنى ئالماشتۇرغاندا قانداق بولىدۇ؟ باشقىچە قوراشتۇرغاندا، سۈرئەت ياكى ۋاقىتنى ئۆزگەرتكەندە قانداق نەتىجىگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ؟ 1976 - يىلى 9 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «MG - 25» ئايروپىلانىنى غەرب مۇتەخەسسىسلىرى تەتقىق قىلغان. بۇ ئايروپىلاننىڭ سۈرئىتى تېز، ئۇچۇش ئىقتىدارى يۇقىرى، تېز پىقىرىيالايدىغان بولۇشىدىكى سەۋەبلەرنى تەھلىل قىلغان. نەتىجىدە بۇ ئايروپىلاننىڭ قۇرۇلمىسى «MG - 23»غا ئوخشايدىغانلىقى، ئەمما، تېخنىكا جەھەتتىن يېڭىباشتىن قوراشتۇرۇلغانلىقىنى تاپقان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھەرقانداق ماشىنىنى تېخنىكا جەھەتتىن يېڭىباشتىن قوراشتۇرغاندا يېڭى ئۈنۈم ھاسىل بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ ئۆزلىرى شۇ تەقلىدلىك ئايروپىلانلارنى ياسىغان. دېمەك، ياش كەشپىياتچىلارنى ئېقىملىغا مۇۋاپىق ھالدا يېڭىباشتىن قوراشتۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش، ئىجادىي تەپەككۇر قابىلىيىتىنى ئۈستۈرۈشنىڭ يەتتىنچى ئۇسۇلى.

قىسقىسى ئىجادىي ئىقتىدارنى ئۈستۈرۈشنىڭ تېخنىكا ئۇسۇللىرى داۋاملىق كۆپەيمەكتە ۋە بايقالماقتا. بۇ ئۇسۇللارنى يىراق بولمىغان كەلگۈسىدە تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ ئىگىلىشىمىز مۇمكىن. (1)



# ئائىلە تۇرمۇش ساۋاتلىرىدىن 10 مەسىلە

ۈركىلمىشتىن ساقلىنىش قائىدىسى-
يگە ئاساسەن، دېرىزە پەردىسىنى
تارتىدىغان گەرنىز يېپىنىڭ ئورنىغا
نىلۇن يىپ ئالماشتۇرۇلسا پەردە
ئەركىن سىيرىلىپ ھېچقانداق تۇسالغۇ-
غا ئۇچرىمايدۇ.

△دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك خام تۇخۇم پول-
غا چۈشۈپ چېقىلىپ كەتكەندە تۇخۇم
سۇيۇقلۇقى بار جايغا ئازراق تاش
تۇزى سېپىپ 20 مىنۇت ئۆتكەندىن
كېيىن تازىلىسىڭىز ئاسانلا چىقىپ
كېتىدۇ.

△ئەگەر تاختايلىق ئۆيلەرنىڭ ئاس-
تىدا يېرىق پەيدا بولسا، يېرىلغان
جايغا ئازراق زامازكا بېرىمۈتىپ سىر-
لىۋەتسىڭىز تېخىمۇ كۆركەم بولىدۇ.

△ئۆيلەرنىڭ تۆمۈردىن ياسالغان دې-
رىزىسىنىڭ كىرىچىسىگە شام ياكى
سوپۇن سۈرتۈپ قويسىڭىز، دېرە-
زىنى ئېچىپ - يېپىشقا ئەپلىك بو-
لىدۇ.

△ئاشخانىلارنى تازىلىغاندا يۇيۇچقا
ئازراق ئاچچىقسۇ قۇيۇپ ئىشلەتسىڭىز،
ئوچاق بېشى ئەتراپىدىكى تاملارغا
يۇقۇقان ماي داغلىرىنى پاكىزە چىقى-
رىدۇ.

△ئۆي سىرلىغاندا سىر پۇرىقىنى يو-
قىتىش ئۈچۈن ئۆينىڭ ئىچىگە قاينى-
تىلغان ئاچچىقسۇدىن بىر چىنە قويۇپ
قويۇلسا پۇراق يوقايدۇ.

چامادانغا كىيىم - كېچەكلەرنى
تولدۇرۇپ سېلىش لازىم. چامادان
لىق تولدۇرۇلسا كىيىم شەكلىنىڭ ئۆزگىرىپ
كېتىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

△قۇلۇپنى ئۇبدانراق ئىشلىتىش
ئۈچۈن ئادەتتە قېرىنداشنىڭ سىياھ-
نى ئوۋاپ قۇلۇپنىڭ تۆشۈكىگە سال-
سىڭىز قۇلۇپنىڭ ئېچىلىشى سىلىقلى-
شىدۇ ھەمدە قۇلۇپمۇ داتلاشمايدۇ.

△سومكا، كىيىم - كېچەكلەرنىڭ
سىرتىدىكى راۋان بولمىغان ئەھۋالدا
سىرتىغا چىشىغا سوپۇن سۈرتۈپ قويسى-
ڭىز راۋان بولىدۇ، چۈنكى سوپۇننىڭ
سىلىقلاش رولى بار.

△ئەينەكتىن ياسالغان قاچا، قول
سائەتنىڭ يۈزى، كۆزئەينەكلەردە ئىنى-
چىكە سىزىق پەيدا بولۇپ قالغاندا،
ھۆل لاتىغا ئازراق چىش پاراشوكى
تەككۈزۈپ سۈرتىۋەتسىڭىز ئىنچىكە
سىزىقچىلارنى چىقىرىۋەتكىلى بولىدۇ.

سىر چوتكىسىنى ئىشلىتىپ بولۇپ
يەنە قىسقا مۇددەت ئىچىدە داۋاملىق
ئىشلەتمەكچى بولسىڭىز، چوتكىنى
يالتىراق قەغەز بىلەن ئوراپ قويسى-
ڭىز چوتكا ئۆزىنىڭ يۇمشاقلىقىنى
خېلى ئۇزاق مۇددەت ساقلىيالايدۇ. (1)







# مەن راستىنلا باشقىلارنىڭ كەمسىتىشىگە ئۇچرامدىمەن؟

**يولداش مۇھەررىر:**

مەن ئىشلەۋاتقان زاۋۇت ئۇدا بىر قانچە يىل زىيان تارتىپ ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققىنى تارقىتالمىغانلىقتىن، مەن زاۋۇت رەھبەرلىكىنىڭ رۇخسىتى بىلەن ئىشتىن توختاپ يەككە ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللانغان ئىدىم. ھازىر زاۋۇتنىڭ باشلىقى ئالمىشىپ تىجارەت راۋاجلىنىپ، ئىشچىلارنىڭ كىرىمىمۇ بۇرۇنقىغا سېلىشتۇرغاندا كۆپ ئېشىپ كېتىپتۇ. شۇڭا مەن زاۋۇت رەھبەرلىكىگە قايتىپ كېلىپ ئىشلەشنى ئىلتىماس قىلغان ئىدىم. بۇ گېپىمنى ئاڭلىغان بەزىلەر ماڭا: «زاۋۇت قىيىنچىلىق تارتقاندا تاشلاپ كېتىپ، ئەھۋال ياخشىلانغاندا يەنە قايتىپ كەلسەڭ كۆپچىلىك كۆزگە ئىلمايدۇ» دېيىشتى. يەنە بەزىلەر ياخشى كۆڭۈل بىلەن: «قايتىپ كېلىپ نېمە قىلىسەن، بەرىبىر ئىش ھەققى تەڭشىگەندە سېنىڭ مائاشىڭ بىر دەرىجە تۆۋەن بولۇپ قالىدۇ» دېيىشتى.

يولداش مۇھەررىر، مەن زاۋۇتقا بېرىپ قايتا ئىشلىسەم راستتىن باشقىلارنىڭ كەمسىتىشىگە ئۇچرامدىمەن؟

**غۇلجا شەھىرىدىن: ھاشىم سېلىم**

**يولداش ھاشىم:**

كارخانىلاردىكى مائاش ئالماي ستاژىنى ساقلاپ قېلىش شەرتى بىلەن ھەر خىل يەككە ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار توغرىلىق دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرى بار. لېكىن جازا ھۆكۈم قىلىنىپ رېجىمدا تۇرۇۋاتقان، تۈرمىنىڭ سىرتىدا تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا قالدۇرۇلغان كىشىلەر بۇنىڭ سىرتىدا. سىزنىڭ زاۋۇتنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئۆزىڭىز ئىش تېپىش يولى بىلەن ھەل قىلغانلىقىڭىزنىڭ يامىنى يوق. سىزنىڭ ھازىر زاۋۇتقا قايتقىنىڭىز ھەرگىز «پايدا ئالغانلىق» مەسىلىسى ئەمەس. شۇنداقلا ھەرگىزمۇ كەمسىتىلىشكە ئۇچرىماسلىقىڭىز كېرەك. چۈنكى يەككە ئىگىلىك خەلق ئىگىلىكىنىڭ زۆرۈر تولۇقلىمىسى، يەككە ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش شەرەپلىك، يەككە ئەمگەكچىلەرمۇ باشقا ئەمگەكچىلەرگە ئوخشاش پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ. جەمئىيەتمۇ يەككە ئەمگەكچىلەرگە سىياسىي ھوقۇق ۋە ئىجتىمائىي ئورۇن بېرىدۇ. شۇڭا مائاش ئالماي ستاژىنى ساقلاپ قېلىش سۈرىكى توشقاندىن كېيىن ئىشچىلىق ئورنىڭىزنى ساقلاپ قالالماي قالىدىغان بولسىڭىز، ياكى توختام ۋاقتى توشماي تۇرۇپ قىيىنچىلىق يۈز بەرگەن بولسا زاۋۇتنىڭ ماقۇللىقى ئاساسىدا مۇددەتتىن ئىلگىرى زاۋۇتقا قايتىپ كەلسىڭىزمۇ ھېچقانداق كەمسىتىلىشكە ئۇچرىمايسىز. بىراق بۇ يەردە سىز مائاشىڭىزغا تەسىر يېتەرمىكىن دەپ ئەندىشە قىلىشىڭىزنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. بۇندىن كېيىن ئىش ھەققى ئىسلاھ قىلىنىپ ئەمگىكىگە قاراپ تەقسىم قىلىنىدۇ. سىزنى ئىشلىتىش ۋە ئۆستۈرۈشكە ھېچقانداق تەسىر يەتمەيدۇ. بۇندىن كېيىن كۆپ ساندىكى ئورۇنلار تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، كىمنىڭ خىزمەت ئىقتىدارى بولسا شۇ كىشىنى تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىدۇ. سىز يەككە ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا مۇئەييەن مۇستەقىل باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى ئىگىلىدىڭىز، تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىش جەريانىدا باشقىلارغا سېلىشتۇرغاندا سىزدە رىقابەتلىشەلەيدىغان ئىقتىدار بار، ئەلۋەتتە. (6)

— مۇھەررىر



# جاپالىق مېھنەت لەززەتلىك مېۋە

مەمتىمىن قۇربان

كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان بىر قەدەر ياخشى ھېكايىلەرنى يېزىپ كېلىۋاتقان ياش يازغۇچى مەمتىمىن ئابدۇۋېلى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى. 1948- يىلى چىرىيە ناھىيىسىنىڭ كۆلاخما يېزا ئوچتۆستەڭ كەنتىدە تۇغۇلغان. خوتەن دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئوقۇتقۇچى بولغان. ھازىر كۆلاخما يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىدە كاتىپ بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

ئۇنىڭ دادىسى، مەرىپەتپەرۋەر، يېڭىلىققا ئىنتىلگۈچى كىشى بولۇپ، ئۆزى بىلىدىغان خەلق رىۋايىتى، چۆچەكلىرىنى ئوغلى مەمتىمىنگە كۆڭۈل قويۇپ ئېيتىپ بېرەتتى. ئۇ يەنە كىشىلەر ئېيتقان ھېكايە ۋە چۆچەكلەرنى ئاڭلاشقا تولىمۇ ئامراق ئىدى. مانا بۇلار ئۇنىڭ كۆدەك قەلبىدە كىچىكىدىن باشلاپلا ئەدەبىياتقا ئالاھىدە قىزىقىش پەيدا قىلدى. ئۇ ساۋادىنى چىقارغان چاغدا ئاكىسىنىڭ ياردىمى بىلەن «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ بىر قانچە سانىغا ئىگە بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ژۇرنالنى قايتا - قايتا ئوقۇپ بىر قانچە شېئىر، داستانلارنىڭ بۆلەكلىرىنى ناھايىتى پىششىق يادلىۋالدى. 1968- يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە كىردى. مەكتەپ قىرائەتخانىسى ئۇنىڭ دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا كىتاب ئوقۇيدىغان ئەڭ ياخشى باغچىسى بولۇپ قالدى. كىتاب ئوقۇش ئۇنىڭ ھاياتىدىكى بىردىن - بىر لەززەت ئىدى.

ئۇ، «تارىم» ژۇرنىلىدىكى ھەر بىر ھېكايىنى ئوقۇغاندىن كېيىن ۋەقەلىك، مەزمۇن، ئورۇنلاشتۇرۇشلار ئۈستىدە چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزەتتى. بەزى ئەسەرلىرىدىكى جۈملىلەر، ئوبرازلىق ئىپادىلەرنى دەپتىرىگە كۆچۈرىۋالاتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئەدەبىيات ھەۋەسكارىغا ئايلاندى. بىراق مەدەنىيەت ئىنقىلابى باشلىنىپ قېلىپ، ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ئۈزۈلۈپ قالدى. پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ياش يازغۇچى مەمتىمىنمۇ باشقا يازغۇچىلار قاتارىدا ئۆز ماھارىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرالايدىغان ۋە يېتىلدۈرەلەيدىغان شارائىتقا ئىگە بولدى. ئۇ ئىجادىيەت ئەركىنلىكىگە قايتىدىن ئېرىشكەندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنى، سىياسىي ئىقتىساد ۋە پەلسەپىنى پىششىق ئۆگەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئەدەبىياتىمىزدىكى نادىر ئەسەرلەرنى، چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلىرىنى بېرىلىپ ئوقۇپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ بەدىئىي ماھارەت يېتىشتۈرۈشىدە ئۆرنەك قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ يېتەرلىك بەدىئىي دىت، پىشقان بەدىئىي ماھارەت يېتىشتۈرۈپ، تۇرمۇشتىكى ئەھمىيەتلىك نەرسىلەرنى تاللىۋېلىپ، ئەسەر يېزىشقا كىرىشتى.

1981- يىلى تۇنجى قېتىم يازغان ھېكايىسى

«بەخت ئۇچۇرى»نىڭ «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنىشى ئۇنى ئىنىدىۋىدۇئال خاراكتېرگە ئىگە پېرسوناژلار ئوبرازىنى بىر قەدەر جانلىق يارىتىپ، كىتابخانلارغا زوق بېغىشلىيالايدىغان ئالاھىدىلىكى بىلەن جامائەتچىلىككە تونۇتتى.

مەتتىمىن ئابدۇۋېلى يېزىدا تۇغۇلۇپ، يېزىدا خىزمەت قىلىۋاتقاچقا يېزا تۇرمۇشىنى ئۆگىنىش، دېھقانلار بىلەن قويۇق ئارىلىشىش ئىمكانىيىتى تولۇق ئىدى. شۇڭا ئۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يېزا تېمىسىدىكى «مېنى كەچۈرۈڭلار»، «ئۆمرىمىز ئۇزۇن بولسۇن»، «دۇنياغا سەرگۈزەشتىلىرى» قاتارلىق 20 نەچچە پارچە ھېكايە يېزىپ «تارىم»، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ «بەخت ئۇچۇرى»، «ساقال ھەققىدە پاراڭ» دېگەن ئىككى ھېكايىسى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىندى. «مېنى كەچۈرۈڭلار» دېگەن ھېكايىسى «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1981—1982- يىللىق مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باھالاشتا، «ساقال ھەققىدە پاراڭ»، «ئۇيۇلۇۋاس بالىسىغا ئاشىق» دېگەن ھېكايىلىرى خوتەن ۋىلايىتى بويىچە ئېلىپ بېرىلغان 1984— 1985- يىللىق مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باھالاشتا بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئىككى پارچە ھېكايىسى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ۋە قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان توپلامغا كىرگۈزۈلدى. بىر پارچە ھېكايىسى «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ «تەرمە گۈللىرى» سەھىپىسىگە تاللاپ بېسىلدى.

يازغۇچى مەتتىمىن ئابدۇۋېلى يېقىندا «بەخت ئۇچۇرى» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمىنى نەشرگە بەردى. ئۇ ھازىر «ئىپەك ياشلىق» ناملىق بەش بابلىق پوۋېستى ئۈستىدە جىددىي ئىشلىمەكتە. (6)

## باكۇن ئۆچ ئېلىش ھەققىدە

ئۆچ ئېلىش بەئەينى بۇدۇشقاقتا ئوخشاش ياۋايىلىقنىڭ مەھسۇلى. ئىنساننىڭ تەبىئىتى مۇقەررەر ھالدا ئۇنىڭغا يۈزلىنىدۇ، قانۇن - مىزان ۋە ئىلىم مەرىپەت بولسا ئۇنى كېسىپ تاشلىشى لازىم. مۇبادا بىر جىنايى ھەرىكەت قانۇنغا چېقىلغان دەيلۇق، ئۇ ھالدا خۇسۇسىي ئۆچ ئېلىش بولسا قانۇننى تامامەن ئىنكار قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۆچ ئېلىشنىڭ مەقسىتى چېقىلغان كىشى بىلەن زاكۇنلىشىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، ھالبۇكى سەن خەقنى ئەپۇ قىلالىساڭ، سەن رەقىبىڭنىڭ ئالدىدا تېخىمۇ ياخشى پەزىلەتلىك بولالايسەن، بۇ خىل كىشىنى ئەپۇ قىلىش ئالىيجاناپلاردا بولۇشقا تېگىشلىك بىر خىل جاسارەتتۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا سورۇمىن: «ئاداۋەت ئۇتماسلىق ئادەم ئۇچۇن شەرەپ» دېگەن ئىكەن. ئۆتكەن ئىش كەتتى ئۇنى قايتۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ. ئاقىللار ھەمىشە ھازىر ۋە كەلگۈسىگە نەزەر سالىدۇ، كونا ئاداۋەتنىڭ كىشىگە بىھۇدە ئاۋارىچىلىق تۇغدۇرىدىغانلىقىنى ھەرگىز ئۇنتۇمايدۇ. بەزى ئادەملەرنىڭ يامانلىق قىلىشى ئۇنىڭ تەبىئىتىنىڭ ئەسكىلىكىدىن بولغان، بۇ خىل ئادەملەر گويا تىكەنگە ئوخشايدۇ، خالاس. چۈنكى تىكەن ئەسلىدە ماھىيەت جەھەتتىن شۇنداق بولغاچقا كىشىگە سانچىلىدۇ-دە! كونا ئاداۋەتنى ساقلاپ كېلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ يارىسىنى ئەسلىدە ساقايتىشقا بولسىمۇ، مەڭگۈ ساقايتىش تەس، ئاداۋەتنى ئۇنتۇماي غەرەزلىك ھالدا كىشىلەردىن ئۆچ ئېلىشنى ئويلايدىغان كىشىلەر ھەمىشە بىر پاتمان غەم ئەندىشە ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ بۇ خىل ھاياتى باشقىلارغا زىيان سالىدۇ، ئۆزىگىمۇ پايدىسىز. (1)

## تۇخۇم پەردىسىنىڭ شىپالىق رولى

بەزى كىشىلەر دىققەتسىزلىكتىن قول-پۇتلىرىغا قايناقسۇ تۆكۈۋېلىپ كۆيدۈرۈپ قويىدۇ. ئۇلار كۆيۈك ئازابىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھەر خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ باقىدۇ. سىز تۇخۇم پەردىسىنىڭ كۆيۈككە داۋا ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغانمىدىڭىز؟

ياپونىيىلىك دوختۇر چىيەن تىيەن ھايۋاناتلار ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان بىر قانچە يىللىق تەجرىبىلەر ئارقىلىق تۇخۇم پەردىسى (شاكالنىڭ ئىچىدىكى بىر قەۋەت نېپىز پەردە) كىچىك دائىرىدىكى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلسە ياخشى ئۈنۈم بېرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان. ئۇلار بۇ چارىنى قوللىنىپ قايناقسۇدا كۆيۈپ قالغان ئۈچ نەپەر كېسەلنى داۋالىغاندا، ئىككىسىنىڭ كۆيۈك يارىسى تۆت كۈندىن ئون كۈنگىچە بولغان ئارىدا ساقىيىپ كەتكەن. تۇخۇم پەردىسى كۆيگەن جايغا يۆگەپ قويۇلسا، باشقا چارىلەرنى قوللانغانغا قارىغاندا ساقىيىشى تېز بولىدىكەن، يارا يۈزى ئاغرىمايدىكەن. (4)

## قاداقنى داۋالاشتىكى ئاددىي رېتسېپ

مېنىڭ پۇتۇمنىڭ ئون يېرىدە قاداق بولۇپ، سىرتقا چىقىپ خىزمەت قىلىشتا، كوللېكتىپ پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشتا قىيىنچىلىققا يولۇقاتتىم. بۇ جەرياندا كۆپ قېتىم داۋالانغان بولسامۇ بىراق ھېچقانداق ئۈنۈمى بولمىدى. بۇ يىل 3-ئايدا بىر خىزمەتدىشىم ماڭا: ئۆزىنىڭمۇ پۇتىدا قاداق پەيدا بولۇپ، ئاغرىق ئازابىدا يولمۇ ماڭالمىغانلىقىنى، كېيىن ئۇ خام تۇخۇمنى ئاچچىقسۇغا 3-4 كۈن چىلاپ قويۇپ ھەر كۈنى ئىككىدىن پىشۇرۇپ يېگەنلىكىنى، 30 دىن كۆپرەك تۇخۇمنى يېگەندىن كېيىن، قاداق سەللىمازا ساقىيىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. مەن بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىشىنىپ-ئىشەنمەي، سىناق قىلىپ بېقىش نىيىتىدە يۇقىرىقىدەك ئۇسۇلنى قوللىنىپ باقتىم. ئويلىمىغاندا، نەچچە ئون كۈن ئۆتە-ئۆتمەيلا قاداق يۇمشاپ چۈشۈشكە باشلىدى. شۇنداق قىلىپ قاداق كېسىلىنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇم. (4)

ياڭ چىشىن

## مىكيان شورپىسى كاناي ياللۇغىغا پايدىلىق

چەت ئەل تېببىي ئالىملىرى مىكيان شورپىسىنىڭ كىشىلەردىكى كاناي ياللۇغى بولۇپمۇ بالىلاردىكى كاناي ياللۇغىنى داۋالاشتا خېلى يۇقىرى ئۈنۈم بېرىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇلار 200 نەپەر بالا ئۈستىدە كېلىنىكىلىق داۋالاش ئېلىپ بارغان. ئۇلار 100 بالىنى مىكيان شورپىسى بىلەن، قالغانلىرىنى باشقا ئۇسۇل بىلەن داۋالىغان، نەتىجىدە، مىكيان شورپىسى بىلەن داۋالاش ئۇسۇلىنىڭ باشقا داۋالاش ئۇسۇلىغا قارىغاندا ئۈنۈمى يۇقىرى بولغان. مىكيان شورپىسىنىڭ كاناي ياللۇغىنى داۋالىيالىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب، مىكيان يېغى ئىچكى ئاجراتما ئىقتىدارىغا ۋە بەلغەمنى يۇمشىتىش رولىغا ئىگە ئىكەن. مىكيان شورپىسى داۋالاش رولىغا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، شۇنداقلا ئۇنىڭ تەركىبىدە ئوزۇقلۇق ناھايىتى مول. (4)

## ژۇرناللاردىكى ئەڭ...

دۇنيادىكى تۇنجى — قەرەللىك ژۇرنال — فرانسىيىلىك دىل. سارو 1671 - يىلى پارىژدا چىقارغان «ئالىملار ژۇرنىلى». دۇنيادىكى تۇنجى پەن - تېخنىكا ژۇرنىلى 1665 - يىلى ئەنگلىيىدە چىقىرىلغان پادىشاھلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ «كۆچ ژۇرنىلى». دۇنيا بويىچە تارقىلىش سانى ئەڭ كۆپ قەرەللىك ژۇرنال ئامېرىكىدا چىقىدىغان «كىتابخانىلار ئۈچۈن تاللانمىلار»دىن ئىبارەت.

دۇنيادىكى بىرىنچى نۇسخا جۇڭگى تىلىدىكى قەرەللىك ژۇرنال ئەنگلىيىلىك مالىمۇن 1815 - يىلى مالاككادا چىقارغان «چاشىۋ ئايلىق ستاتىستىكا تەزكىرىسى» دۇر.

جۇڭگودا ئەڭ دەسلەپتە چىقىرىلغان جۇڭگو تىلىدىكى قەرەللىك ژۇرنال چەت ئەللىك كىشىلەر باشقۇرغان «شەرقىي ئاتلانتىك ئوكيان تەزكىرىسى» بولۇپ، 1883 - يىلى گۇاڭجۇدا نەشر قىلىنغان.

دۆلىتىمىزدە ئازادلىقتىن بۇرۇن ئۆمرى ئەڭ ئۇزۇن بولغان ژۇرنال شاڭخەي سودا باسما نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «شەرق ژۇرنىلى» بولۇپ، 1904 - يىلى 3 - ئاينىڭ 19 - كۈنى چىقىرىلغان تۇنجى سانىدىن باشلاپ 1949 - يىلى ئاخىرقى سانىغىچە جەمئىي 44 يىل چىقىرىلغان. (1)



## ئۇيقۇلۇقتىكى چۈشكەش قانداق ئىش

خۇرشىدە ياقۇپ

ئۇيقۇ — ئالىي نېرۋا سىستېمىسىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تورمۇزلىنىشى بولۇپ، دەسلەپتە چالا ھالەتتىلىك باشلىنىدۇ. چالا ئۇيقىدا چوڭ مېڭە پوستلۇقىدىكى نېرۋا ھۈجەيرىلىرى تولۇق تورمۇزلانمىغاچقا، ئورگانىزمىدىكى ئىچكى - تاشقى غىدىقلاش سىگناللىرى چوڭ مېڭە پوستلۇقىغا يەتكۈزۈلۈپ تۇرىدۇ. نەتىجىدە نېرۋىدا ئىنكاس (رېفلېكس) پەيدا بولۇپ، ھەرىكەت نېرۋىلىرى غىدىقلىنىدۇ. بۇنىڭدىن، پۇت-قول مۇسكۇللىرىدا قىسمەن دائىرىلىك قىسقىراش پەيدا بولىدۇ-دە، تۇيۇقسىز (ھەرىكەتلىنىش) چۆچۈش كېلىپ چىقىدۇ.

ئادەمدىكى چۆچۈشلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئومۇمەن ئۇيقۇلۇقتىكى قورقۇنۇشلۇق چۈشلەر سەۋەبىدىن بولىدۇ. چۈش كۆرگەندىكى يىقىلىش، پۇتلىشىش، سەكرەش، ئازگالغا تىقىلىش، مۇئەللەق قەدەم بېسىشلاردا بەدەن ھامان تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاشقا، مۇداپىئەلىنىش ھەرىكىتىگە تەييار تۇرىدۇ. شۇڭلاشقا، ئادەم ئۇيقىدىن چۆچۈپ ئويغىنىدۇ. چوڭلارنىڭ ئادەتتە بالىلارنىڭ چۆچىگىنىنى كۆرگەندە ئۇنى «ئۇستىخان سوزدى»، «بوي تارتتى» دېگىنى مانا مۇشۇ گەپ. چۆچۈش — ئاساسەن زىيادە چارچاش، ھاياجانلىنىش، روھىي جىددىيلىك ۋە قورقۇش، ئۇزاق مۇساپىلىك يول يۈرۈش ياكى يېتىش ئالدىدا غىدىقلىغۇچى يېمەك-ئىچمەكلەرنى ئىستېمال قىلىشقا ئوخشاش ئامىللارغا باغلىق بولىدۇ. شۇڭا چۆچۈشلەرنى داۋالىتىش ھاجەتسىز، ئاساسەن ئۇنى ئارام ئېلىش بىلەن خىزمەتنى مۇۋاپىق بىرلەشتۈرۈش، خۇشال يۈرۈش، ئۇيقۇ بىلەن ھەرىكەتنى مۇۋاپىق تەڭشەش، كەچقۇرۇنلىرى پۇت-قوللىرىنى ئىسسىق سۇ بىلەن يۇيۇش ئارقىلىق مۇسكۇللارنى ھاردۇق ئالدۇرۇش ۋە پۇت - قوللارنىڭ قان ئايلىنىشىنى ياخشىلاشقا ئادەتلىنىش لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا چوڭ مېڭە پوستلۇقى بىمالال ۋە مۇۋازىنەت ھالىتىدە تۇرالايدۇ-دە، ئادەم ياخشى ئۇخلىيالايدۇ. (1)

## خەتەرلىك ئۈچبۇرجەك

بېرمودا تاقىم ئارىلى ئەتراپىدىكى خەتەرلىك ئۈچبۇرجەك دېڭىز رايونىدا سانسىزلىغان پاراخوتلارنىڭ سىرلىق ھالدا غايىپ بولۇپ كەتكەنلىكىنى كىشىلەر ئاڭلىغان بولىسىمۇ، لېكىن قۇرۇقلۇقتىكى خەتەرلىك ئۈچبۇرجەك ۋارشاۋا ئەتراپىدىكى تاشيول مەركىزىدە يۈز بەرگەن ماشىنا ۋەقەلىرىنىڭ سانىنى ستاتىستىكا قىلىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلمىسە كېرەك. بۇ يەردە ماشىنا ۋەقەسى ھەمىشە ھاۋا ئوچۇق ھەم تۇمان بولمىغان كۈنلىرى يۈز بېرىدىكەن. پولشا دائىرىلىرى بۇ جاينى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ماشىنا ھەيدەۋاتقان شوپۇرلار «يەر ئاستى سۇ تومۇرلىرى»نىڭ رادىئاكتىپ تەسىرىدە ئۇچرىغانلىقىنى سەزگەن. بۇ جاينىڭ يەر ئاستىدا بىر - بىرى بىلەن كېسىشىپ كەتكەن چوڭ - كىچىك دەريالار بارلىقى ئېنىقلانغان. شوپۇرلار شۇ يەرگە يېتىپ بارغان ھامان پۈتۈن بەدىنى بوشىشىپ بېشى قېيىپ ئۆزىنى باشقۇرالمايدىغان بولۇپ قالىدىكەن، قىزىقارلىقى شۇكى بۇ يەردە بەزى دەل - دەرەخلەر ناھايىتى تېز ئۆسىدىكەن، ئەمما بەزى دەل - دەرەخلەر پەقەت كۆكلىمەيدىكەن، ھەتتا مېۋە بولمايدىكەن. (1)



## يەر تەۋرەش ھەققىدىكى يېڭىچە قىياس

ۋاڭ زۇگۇاڭ

سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرىنىڭ ھېسابلىشىغا قارىغاندا، جەنۇبىي ماگنىت قۇتۇبى بىر كېچە-كۈندۈزدە تەخمىنەن 32 مېتر سۈرئەت بىلەن ئاۋستىرالىيىنىڭ غەربىي دېڭىز قىرغىقىغا قاراپ يۆتكىلىۋېتىپتۇ، ئۇ ھىندونېزىيە تاقىم ئاراللىرىنىڭ شۇ دائىرىسىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن شىمالىي ماگنىت قۇتۇبىغا ئايلىنىدىكەن. ۋاھالەنكى، ھازىرقى شىمالىي ماگنىت قۇتۇبى بىر كېچە-كۈندۈزدە 23 مېتر يۆتكىلىش سۈرئىتى بىلەن ھەرىكەت قىلماقتا. ئۇ يەنە 300 يىلدىن كېيىن جۇغراپىيىلىك ئاخىرقى نۇقتا بىلەن جىپسىلىشىدىكەن. يېقىندا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دېڭىز ئوكيان تەكشۈرۈش ئەترىتى جەنۇبىي قۇتۇبنىڭ ئەمەلىي ئورنى ئۈستىدە ئىنتايىن نازۇك ئۆلچەش ئېلىپ بارغان. ئۆلچەش نەتىجىسى يۇقىرىقى مۆلچەرگە ئاساسىي جەھەتتىن توغرا كەلگەن. بۇ قىياس بويىچە، ماگنىت قۇتۇبىنىڭ يۆتكىلىش ئەھۋالىغا ئاساسەن يەر پوستى ھەرىكىتى توغرىسىدا ناھايىتى ئۇزاق مۇددەتلىك ئالدىن مەلۇمات بەرگىلى بولىدىكەن. ئەگەر يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا يەر شارى يادروسى بىلەن يەر شارى مەركىزىنىڭ ئارىلىقى 1275 كىلومېتر كېڭەيدۇ دېيىلسە، ئۇنداقتا ھازىر ئۇ تىنچ ئوكياندىن ھىندى ئوكيان يۆنىلىشىگە قاراپ يۆتكىلىپ، يەر پوستىغا يېقىنلىشىۋاتقان بولىدىكەن. دېمەك، دەل مۇشۇ يۆتكىلىش جەريانى يەر تەۋرەشكە ۋە يانار تاغلارنىڭ پارتلىشىغا سەۋەب بولىدىكەن. مۇنداق ھەرىكەت 29-ئەسىرگە بارغاندا يۇقىرى پەللىگە چىقىدىكەن، ئۇ چاغلارغا بارغاندا يەر يادروسى يەر شارىنىڭ تاغ جىنسلىرى چەمبىرىكىگە يېقىنلىشىپ ئىككى ماگنىت قۇتۇبىنىڭ ئارىلىقى زور دەرىجىدە يېقىنلىشىدىكەن. ئۇ چاغدا ئېھتىمال قاتتىق يەر تەۋرەش ۋە يەر شارى خاراكتېرلىك ھاۋارايى ئۆزگىرىشى بولۇشى مۇمكىن. (1)



# ئۇيغۇر دېھقانىنىڭ خەنزۇ ئوغلى

ئەخەت ئابدۇراخمان

مەن يېقىندا قورغاس ناھىيە چىڭسىخۇزا بازارلىق 2 - كەنت 5 - مەھەللىدىكى ئورمان ئاسرىغۇچى نۇرمەھەممەد ئىبراھىمنىڭ بىر خەنزۇ بالىنى بېقىۋېلىپ، ئۇنىڭغا ئۆز قېرىندىشىدىنمۇ ئارتۇق مېھرىبانلىق كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ بۇ ئائىلىنى زىيارەت قىلدىم.

1979 - يىلى 1 - ئاي مەزگىلى، سوغۇق قاتتىق بولۇۋاتاتتى. بىر كۈنى نۇرمەھەممەد بازارغا كېتىۋېتىپ ئىلى - ئۈرۈمچى تاشيولىنىڭ ئۈستىدە ئۇچىسىغا يالاڭ كىيىم، پۇتىغا يىرتىق لاتا كەش كىيگەن ئون ياشلاردىكى بىر خەنزۇ بالىنىڭ دۈگدىيىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالىدۇ. بۇ بالا بۇنىڭدىن بىر يىل بۇرۇن يېزىدىكى ھەدىسىنى پانا تارتىپ سەندۇڭدىن كەلگەن ۋاڭ مىڭجى ئىدى. بالا ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ تۇرۇپ، ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىلغانلىقىنى ئېيتىدۇ. نۇرمەھەممەد بالىنى ئاچ قورساق توڭلاپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئۆيىگە قايتۇرۇپ كېلىدۇ. ئۇنى پاكىز يۇيۇندۇرۇپ، چاچلىرىنى ئېلىپ، بىر قۇر يېڭى كىيىم كىيگۈزۈپ ياخشى تاماق بىلەن ئوزۇقلاندۇرىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ ھەدىسىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ ئۇلارغا بالىنى تاپشۇرۇۋېلىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىدۇ. لېكىن ئۇلار تەرسالىق قىلىپ بالىنى ئېلىپ قېلىشقا قوشۇلمايدۇ. نۇرمەھەممەد كۆپ ئويلانغاندىن كېيىن ئاخىرى ئۆزىنىڭ بەش بالىسى بولسىمۇ ئۇنى بېقىۋېلىش قارارىغا كېلىدۇ. ئۇنىڭغا «جۇماخۇن» دەپ ئىسىم قويىدۇ. ئۆز بالىلىرى بىلەن ئوخشاش مۇئامىلە قىلىدۇ. بەختتىن كۆڭلى يايرىغان جۇماخۇننىڭ مەڭزىلىرى قىزىرىپ خېلىلا سەمرىپ قالىدۇ. 2 - يىلى نۇرمەھەممەد جۇماخۇننى بىر قىسىم يوللۇق ۋە 300 يۈەن پۇل بىلەن ئاپىسىنى كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن سەندۇڭغا يولغا سېلىپ قويىدۇ. بۇنى كۆرگەن بەزىلەر نۇرمەھەممەدنىڭ «ئەخمەق»لىقىدىن كۈلسە، يەنە بەزىلەر بۇ بالا ئانىسىنىڭ يېنىغا بېرىۋېلىپلا ئەمدى كەلمەيدۇ دېيىشىدۇ. نۇرمەھەممەد بۇنداق گەپلەرگە قۇلاق سالماي بىر ئايدىن كېيىن يەنە 250 يۈەن ئەۋەتىپ بېرىدۇ. ئۈچ ئايدىن كېيىن جۇماخۇن دادىسى نۇرمەھەممەدكە تېلېگرامما ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەنلىكىنى لېكىن پۇل ۋە كىيىم - كېچەكلىرىنى ئوغرىغا ئالدۇرۇپ قويۇپ ئامالسىز قالغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان نۇرمەھەممەد دەرھال ئۈرۈمچىگە بېرىپ ئۇنى قايتۇرۇپ كېلىدۇ.

نۇرمەھەممەدنىڭ ئاتىدارچىلىقى ۋە چوڭقۇر مېھرىبانلىقىدىن تەسىرلەنگەن جۇماخۇن 1983 - يىلى كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنىڭ يىلقىلىرىنى بېقىپ تاپقان 400 يۈەنگە يېقىن پۇلنى نۇرمەھەممەدنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ ئۆزىنىڭ مىننەتدارلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئۆتكەن يىلى ئىيۇلدا جۇماخۇننىڭ 65 ياشلىق ئاپىسى سەندۇڭدىن بالىسىنى يوقلاپ چىققاندا نۇرمەھەممەد ۋە ئۇنىڭ ئايالى قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ. 4 ئاي تۇرغۇزۇپ مېھمان قىلىدۇ. قايتقاندا 300 يۈەن يوللۇق تۇتىدۇ.

مەن بۇ ئەھۋالنى ئاڭلاپ، نۇرمەھەممەدنىڭ دېھقانلارغا خاس كەڭ قورساق، ئاقكۆڭۈل ئىنسانپەرۋەر ئالىيجاناب روھىغا ئاپىرىن ئوقۇپ «ئىككى مىللەت ئوتتۇرىسىدا ئورنىتىلغان ئاتا - بالىلىق رىشتىڭلار، چېچەكلەپ مېۋە بەرسۇن» دېدىم. (4)




ئابدۇرېھىم سابىت

يېقىنقى زامان ئۇيغۇر مەتبۇئات ۋە نەشرىياتچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساس سالغۇچى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىل يېزىقىنى ئىجادىي يوسۇندا تەرەققىي قىلدۇرغان مەرىپەت - پەرۋەرلەرنىڭ بىرى بولغان قۇتلۇق ھاجى شەۋقى 1876 - يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ قازانچى مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ ئوقۇش يېشىغا يەتكەندىن كېيىن، قەشقەردىكى مەدرىسلەردە ئوقۇپ، ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئەرەب، پارس تىللىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن.

قۇتلۇق ھاجى 1908 - يىلى دادىسىغا ئەگىشىپ سەئۇدى ئەرەبىستانىغا ھەجگە بارىدۇ. ھەج پائالىيىتى ئاياقلاشقاندىن كېيىن مىسىرنىڭ پايتەختى قاھىرەدىكى «جامىئۇل ئەزھەر دارىلئۇلۇم»غا ئوقۇشقا كىرىپ، مەخسۇس ئەرەب ۋە ئىسلام دىنىنىڭ قائىدە - قانۇنلىرىنى ئۆگىنىدۇ. ئۇ ئوقۇشنى تۈگەتكەندىن كېيىن، دادىسى بىلەن بىللە تۈركىيىگە قايتىپ كېلىپ، ئىستانبولدىكى ئالىي بىلىم يۇرتىدا ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرىدۇ، كېيىن، بۇخاراغا كېلىپ بىر مەزگىل ئوقۇيدۇ.

قۇتلۇق ھاجىنىڭ چەت ئەللەردىكى بىرنەچچە يىللىق ئوقۇش ھاياتى ئۇنى ئىلمىنىڭ ھەر قايسى تۈرلىرى بويىچە كامالەتكە يەتكۈزۈپ قالماستىن، بەلكى ئەڭ مۇھىمى كىشىلىك تۇرمۇشقا بولغان نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ھاياتقا يېڭىچە قارايدىغان بىر خىل تۇيغۇنى شەكىللەندۈردى، بولۇپمۇ تۈركىيىدە مۇستاپا كامال باشچىلىقىدىكى جاھالەتكە، قالاقلىق ۋە مۇتەئەسسىپلىككە قارشى قانات يېيىۋاتقان جەددىتچىلىك ھەرىكىتى قۇتلۇق ھاجىنىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ خۇراپاتلىق، مۇتەئەسسىپلىك كۆز قارىشىدىن قۇتۇلۇپ، يېڭىلىقنى خالايدىغان، تەرەققىياتقا ئىنتىلىدىغان، دېموكراتىك ئىدىيىدىكى ئىلغار بىر كىشىگە ئايلىنىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. ئۇ بىر شېئىرىدا مۇنداق يازىدۇ:

قېرىنداشلار تۇر ئەمدى پۈتۈن ئىنسان ئويغاندى،
جەمئىيەتتە ياشىغان ئەقلىي ئىمكان ئويغاندى.
بىزلەر ئۆتتۇق خارلىقتا، ھەسرەت بىلەن زارلىقتا،
قۇتۇلۇش ئۈچۈن قۇللۇقتىن مەرد - مەردان ئويغاندى.
زۇلۇم ئىچرە ياشىدۇق، ئەركىن بولماي قاخشىدۇق،
كۆزۈڭ ئاچقىن ئەي خەلقىم! ئەھلى ۋىجدان ئويغاندى.
قاچانغىچە ياتىمىز، بىزمۇ ئىنسان ئەمەسمىدۇق؟!
ئويغان ئەمدى كۆز ئېچىپ، جانۇ - جاھان ئويغاندى.
كۈرەش قىلماق ئەرك ئۈچۈن ئەركىنلىكتە ياشايمىز،
ئەزىز خەلقىم كۆزۈڭ ئاچ، يەر ۋە ئاسمان ئويغاندى.
ئويغانغانلار ياشىنىدى، ئۇخلىغانلار قاخشىدى،
قايغۇرمىساڭ ھالىڭغا، شۇم زىمىستان ئويغاندى.
ئويغىنايلى ئۇيقىدىن، ئەمدى ئۇخلاش بىزگە يات،
ئىلمۇ - ئىرپانلار ئۈچۈن بارچە جاھان ئويغاندى.

خەلق ئاممىسىنى ئويغىتىشتىكى ئەڭ جەڭگىۋار قورال مەتبەئە ۋە نەشرىياتچىلىقنىڭ مەدەنىي ھاياتتا تۇتقان ئورنىنى ئاللا بۇرۇن تونۇپ يەتكەن قۇتلۇق ھاجى شەۋقى خەلقئارا مەتبەئەچىلىكنىڭ ئىلغار تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ، تاش مەتبەئەدىن خېلى ئىلغار بولغان مىخ مەتبەئەنى قوللىنىپ، 1918 - يىلى قەشقەردە «ئاڭ گېزىتى»نى نەشر قىلدى، بىراق بۇ گېزىت مۇتەئە-

ئەسسىلەرنىڭ قارشىلىقى ۋە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن ئۇزۇن داۋاملاشماي نەشردىن توختاپ قالىدۇ، قۇتلۇق ھاجىم يەنە 1933-يىلى 7-ئايدىن باشلاپ «ئەركىن ھايات گېزىتى»نى نەشر قىلىدۇ. بۇ گېزىتمۇ ئەينى چاغدىكى ۋەزىيەتنىڭ قالايمىقانچىلىقىدىن توختاپ قالىدۇ. 1933-يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ قۇمۇل دېھقانلار ھەرىكىتىنىڭ يولباشچىلىرى تۆمۈر، خوجانىياز ھاجى، مەھمۇد قاتارلىقلارنىڭ ئارقا-ئارقىدىن قەشقەرگە يېتىپ كېلىشى ئارقىسىدا قۇتلۇق ھاجى شەۋقى 1934-يىلى 8-ئايدىن باشلاپ يەنە «يېڭى ھايات گېزىتى»نى نەشر قىلىدۇ. بۇ گېزىت كېيىنچە قەشقەر ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ نەشر ئەپكارىغا ئۆزگەرتىلىپ، مىللىي-سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئەدەبىي ۋە ئەدەب-ئەخلاق قاتارلىق مەسىلىلەرنى تەشۋىق قىلىدىغان، كەڭ دائىرىلىك مەزمۇنغا ئىگە ئۇنىۋېرسال گېزىتكە ئايلىنىدۇ. 1936-يىلى 6-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ قۇتلۇق ھاجى باشتىن-ئاخىر بۇ گېزىتنىڭ باش مۇھەررىرلىكىنى ئىشلەيدۇ. بۇ گېزىت جەمئىي 290 سان نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىدۇ، گېزىت تۇنجى نەشر قىلىنغاندا 950 نۇسخا تارقىتىلغان بولسىمۇ، كېيىن خەلقنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ گېزىتنىڭ تىرازى 2500 گە كۆپىيىدۇ. تارقىتىلىش دائىرىسىمۇ ئۆزلۈكسىز كېڭىيىپ تۇرپان، كۇچا، ئاقسۇ، قىزىلسۇ، يەكەن، خوتەنگە قەدەر پوچتا ئارقىلىق يەتكۈزۈلىدۇ. گېزىتنىڭ دەسلەپكى ھەر بىر بېتى ئۈچ ستونلۇق، ئىككى بەتلىك گېزىت بولغان بولسىمۇ، كېيىن تەرەققىي قىلىپ تۆت بەتلىك گېزىتكە ئۆزگەرتىلىدۇ، بۇ گېزىتكە ئاساسلىقى خەلقئارا خەۋەرلەر، ئۇيغۇر تارىخىدىن ساۋات، ئىسلام ئەقىداتىغا دائىر بايانلار، ئەدەبىي ئەسەرلەر، خەت-چەك ۋە ئېلانلار بېسىلىدىغان بولۇپ، بۇ خىل مەزمۇنلىرىدىكى ماقالىلەر خەلقىقە خەلقئارانىڭ ئىلغار تەرەققىياتلىرىنى تونۇشتۇرۇش، ئۆزىنى تونۇتۇش، ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەندۈرۈش ھەم خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، فېئوداللىزم ۋە جاھالەتچىلىككە قارشى تۇرۇشتا ئىجابىي رول ئوينايدۇ. مەسىلەن، بۇ گېزىتنىڭ 38-سانىغا 12 كىشى قەشقەر شەھىرى ۋە ئاتۇشنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن 139 مىڭ 400 سەر كۈمۈش، بەش كىشى دارىلمۇئەللىمىنغا 4 مىڭ 420 سەر ئاق كۈمۈش ئىئانە قىلغانلىق توغرىسىدىكى خەۋەر بېسىلغان. بۇ گېزىتكە يەنە پاش قىلىش خاراكتېرىدىكى يەرلىك خەۋەرلەر بېرىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ھۆكۈمەت ئورگانلىرىكى ئەمەلدارلارنىڭ ۋە يەرلىكتىكى مۇتەئەسسىپلەرنىڭ ئاقارتىش خىزمىتىگە بولغان توسقۇنلۇقى كەسكىن پاش قىلىنغان.

دېمەك، قۇتلۇق ھاجى شەۋقى تەشكىللىگەن ۋە ئۇنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە چىققان «يېڭى ھايات گېزىتى» فېئودال خۇراپاتلىققا جاھالەتچىلىك ۋە نادانلىققا قارشى تۇرۇشنى مەزمۇن قىلغان ئىلغار ئىدىيىدىكى يېڭى گېزىت بولۇپ، ئۇ كەڭ خەلق ئاممىسىنى ئويغىتىش، ئىلىم-مەرىپەتكە دالالەت قىلىش، تەرەققىياتقا يېتەكلەش جەھەتلەردە زور رول ئويناپ قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى ئەسىرلەر بويى ئۈزۈلۈپ قالغان مەتبە ۋە نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىمىزنى يېقىنقى زامانغا ئۇلىدى.

ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر شائىر، دېموكراتىك ئەرباب، مەشھۇر تارىخشۇناس، ئىقتىدارلىق نەشرىياتچى قۇتلۇق ھاجى شەۋقى 1937-يىلى 10-ئايدا جاللات، مۇستەبىت شىڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە 61 يېشىدا ۋاپات بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ نامى ئۇيغۇر ئەدەبىيات-سەنئەت، نەشرىياتچىلىق تارىخىمىزدا جاراڭلاپ، كىشىلەر تىلىدا داۋاملىق زىكرى قىلىنماقتا. (1)


بۇلاڭچى كىم؟
(1) يەككە تىجارەتچى ئەمەت ئۇستام بىر كۈنلۈك غەلىسىنى سومكىغا سېلىپ، بازاردىن قايتىشىدا توساتتىن بىر بۇلاڭچى كېلىپ، قولىدىكى سومكىسىنى بۇلاپ كېتىپتۇ، ئەمەت ئۇستام جىددىيلەشكەن هالدا: «ئوغرى، ئوغرىنى تۇتۇڭلار، سومكامنى بۇلاپ كەتتى!» دەپ توۋلاپتۇ.
(2) شۇ ئارىدا بىر كىشى يېتىپ كېلىپ بۇلاڭچىنىڭ قەيەرگە قاچقانلىقىنى سوراپتۇ - دە، ئۇنى قوغلاپ كېتىپتۇ. بىر هازا ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ ئىككى كىشى بىر بىرىنى بۇلاڭچى دەپ ئەيىبلەشكەن هالدا يېتىپ كەپتۇ. ئەمەت ئۇستام ئۇلارنىڭ قايسىسىنىڭ بۇلاڭچى ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي ساقچىغا ئېلىپ بېرىپتۇ.
(3) ساقچى ئەمەت ئۇستامغا: سومكىڭىزنى بۇلىغان كىم؟ تونۇپ بېقىڭ! — دەپتۇ. قاش قارايغان چاغ بولغاچقا، بۇ ئىككىيلەننىڭ تەقى - تۇرقىنى ئېنىق كۆرەلمىدىم، هازىر قارىسام، بۇ كىيىم - كېچەكلىرى ئوخشاشلا تۇرىدۇ. پەرق ئېتەلمەيۋاتىمەن. — دەپتۇ ئەمەت ئۇستام.
(4) پاراسەتلىك ساقچى بىر پەس ئويلىنىپتۇ - دە، ئەپچىل بىر چارە تېپىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن هەقىقىي بۇلاڭچىنى تېپىپ چىقىپتۇ، قېنى هۆرمەتلىك كىتابخان، سىز ئېيتىڭ! ساقچى قانداق پەم ئىشلەتتى. (1)

## پارتىيىگە ئەگىشىپ

ھۆرنىسا ساتتار

يېتەلدۇردى پارتىيە كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلەپ،
مۇشكۇللەرنى يېڭىشتا دادىل ئالغا يېتەكلەپ.
مەن - ماتارىپ بېغىدا ئەجىر قىلىپ جاپالىق،
مېۋە بەردىم خەلقىمگە شۇنچە خۇشبۇي چېچەكلەپ.

پارتىيەمنىڭ مېھرىنى ئاقلاش مېنىڭ قەرزىمدۇر،
ئاقلالىسام شۇ قەرزنى شان - شەرىپىم، بەختىمدۇر.
شۇڭا ئۇلۇغ ۋەتەننى تۈلەشتۈرۈپ چىقىشقا،
گۈزەل ياشلىق باھارىم تائەبەتكە تەقدىمدۇر.

كوممۇنىستىك غايە بار يۈرىكىمنىڭ قېتىدا،
پارتىيىگە ئەگىشىپ تاغ - داۋانلار ئاشىمەن.
ئەجرىم بىلەن ئەل ئۈچۈن كەلتۈرۈپ زور شان - شەرەپ،
كۆزلەپ يۈكسەك پەللىنى مەڭگۈ ئالغا باسىمەن.

## ئىككى شېئىر

تەلئەت جېلىل

### دېھقان قىز

ساداقىنى دېھقان قىز،
ئۇسۇپ چىقتى كاراپىتەك.
ماڭلىيىدا تەرلىرى،
پارقىرايدۇ سەمايىتەك.

قىشمۇ - يازدا ئېتىزغا،
ئۇ قىز تۆككەن تەرىنى؛
مېھنەت بىلەن ئۆزىنىڭ
قىلىپتى قىممەت قەدرىنى.

### مۈشۈك

ئېيىپ كىرگەنتىم بىر مۈشۈكنى،
ئۆيگە كىرىپ قالسۇن دەپ.
ئۆيلاپتىمەن ئۇ بولسىمۇ،
ئۆز كۆلىنى ئالسۇن دەپ.

چاچقان تۇتسۇن دەپ ئۇنى،
ئۆيگە قويغانتىم سولاپ.
چاچقان ئەمەس تەييار گۆشنى،
قېچىپتۇ ئۇ ئوغرىلاپ.

## چوپانلار

ئابدۇللا تۇرسۇن

ئەگىر ستاغ قويىنىدا چاچىدۇ ئىپار،
ئېچىلغان رەڭمۇرەڭ زىبا گۈللىرىڭ.
ئەگۈل ئۇ گۈللەرمۇ ھۆسنىدىن خىجىل،
گۈزەللىك تەختىدە سۇلتان ھۆرلىرىڭ.

ۋۇجۇدى شامالدىن يېتكەن تۇلپارنىڭ،
ئۈستىگە قونغانمۇ چولپان پاكى ئاي.
كۆزلەردىن چاقنايدۇ سۆيگۈ ئۇچقۇنى
قەلبى كەڭ ئالەمدەك خەملەتلەرگە باي.

ئالدىدا لەيلىبەر توپ - توپ ئاق بۇلۇت،
گۈللەرنى چىمەننى، قىرلارنى سۆيۈپ.
چوپانلار قەلبىدە بىرلا مۇھەببەت،
ياشنايدۇ مۇقەددەس تاغلارغا كۆيۈپ.

## مەن شائىر

ئابدۇللا ياقۇپ

مەن شائىر، مەن دېڭىز چايقىلىپ تۇرغان،
ئۇرۇلۇپ قىرغاقتا تاشار ھېسلىرىم.
مەن شائىر، ھاياتنىڭ داۋانلىرىدا،
ئۇچقىيدۇ ئەبەدى پارلاق ئىزلىرىم.

مەن شائىر، مەن گويا چاقنىغان چاقماق،
قەلبلەر كۆكىنى يورۇتكەن نۇرغا،
مەن شائىر، مەن كويچى، ئىستىكىم غايەم،
ئۇتىچىدەك يالقۇراپ تىزىلغان قۇرغا.

مەن شائىر، مەن ئويغاق زېرەك ۋىجدانلىق،
ۋىجدانىم ئوخشايدۇ كۆمۈش قەترىگە.
مەن شائىر، مەن گۈزەل ھايات خۇشتارى،
كۆيلىرىم چىمەنلىكەن خۇشبۇي ئەترىگە.

مەن شائىر، مەن يىگىت، ھەقنىڭ جەڭچىسى،
خۇشامەت قۇللۇقنىڭ ئەمەس جارچىسى،
مەن شائىر، يولۇمدىن يانماسمەن پەقەت،
بېشىمغا تەگسىمۇ زورلۇق قامچىسى.

مەن شائىر، مەن بويۇك تەۋرەنمەس قىيا،
قەددىمنى تىرىگەن پايانسىز كۆككە.
مەن شائىر، مەن تۇلپار بېرىسىمەن چىداش،
سەپەردە ئۈستۈمگە ئارتىلغان يۈككە.

مەن شائىر، ئوت بولۇپ يانىمەن دائىم،
ئوت بولۇپ يانمىغىم شەرىپىم - شانىم.
مەن شائىر، ئۆزلىمەيمۇ ئاقۇەت بىر كۈن،
خەلقىمنىڭ قەلبىدە ئۆچمەسكەي نامىم.

## ۋەتەن

مۇھەممەد ئىمىن ئەخمەت

ئانىجان ۋەتىنىم — تۇغۇلغان يېرىم،
سەن ئۈچۈن چىن سۆيگۈم ئاقار بولۇپ سەل.

ئوغلۇڭ مەن، بۇيرىغىن جەڭگە - غازاتقا،
ئاقلايمەن بۇرچۇمنى بەرسەممۇ بەدەل!

مەن ساڭا سادىقمەن، (ئەمەسمەن ساتقىن)
رەقىپلەر تېغىدا يەتسىمۇ ئەجەل!

## بايقا

تۇردى سامساق

چىرايلىق قىزلارغا كۆيگەن خېرىدار،
ناز - خۇلقىنى بىلەلمۇ لېكىن ئەتىۋار.
«ئاق نەرسە بەك ئاسان كىرلىشەر دوستۇم،
كۆڭۈلنى ئالدىراپ بەرسە» دەردى بار.

ئالتۇنمۇ، يامىنىمۇ پارقىراپ تۇرغان،
ئەقىلنىڭ كۆزىدە بايقىلار ھامان.
مۇھەببەت شەرتىدە بار مۇنداق مىزان:
ھەممىدىن قىممەتتۇر ساداقەت - ۋىجدان!

## قىزىنقايمىز خۇشال تو…

قۇربان مامۇت

كۆررۈڭ دوستلار ماكان قى…
گىيا ئۆلمەس قاقاس تاغ…
كۆچەت قويدۇم سۇلار باش…
بىنا قىلماق ئۈچۈن با…

بولۇپ ھەمدەم ماڭا يار…
پەشانە تەرىنى تۆ…
كۆچەت ئايىنىپ، شېخىل تا…
يېشىللىق ئەلكىگە چۆ…

تۆكۈپ شەرۋەت مېۋە پ…
بولۇر جەننەت بېغىم قو…
شۇ باغدا ئەلگە ئاش تار…
قىزىنقايمىز خۇشال تو…



## گۈزەللىكنى يارىتار ئى…

داۋۇتجان سەيدى…

گۈزەللىكنىڭ ئانىسى …
تاغ - دەريامۇ ۋە ياكى ئو…
ئاي قۇياشمۇ ياكى يۇل…
كەڭ زېمىنمۇ ھەممە كۆك ئا…
گۈلباغلاردا لالە - رەيھ…
بۇلاقلاردىن ئۇرغىغان ف…

گۈزەللىكنى سۆيىدۇ ھ…
گۈزەللىككە تەلپۈنەر …
رەزىل ھەممە گۈزەل نەر…
بۇلار ھەر چاغ ھەر دىلدا…
گۈزەللىكنىڭ ئانىسى جو…
گۈزەللىكنى يارىتار ئ…

بىزنىڭ ئادرېسىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى قۇرۇلۇش كوچىسى 9 - قورا * 1986 - يىل 1 - ئىيۇل نەشردىن چىقتى *

## ياش يوشۇرسام

مەخمۇت مۇھەممەد

ياش يوشۇرسام ئەيىبلىمەڭلار،
ياشلىقىمغا ئىنتىلگىنىم بۇ.
شورا ئاتلاپ، تولغۇلاپ ئېزىلەپ،
يۈرىكىمنى سېغىنغىنىم بۇ.

ياش يوشۇرماق ئەيىبمۇ شۇنچە،
يوشۇرغىنى ئۆزىنىڭ يېشى.
ياش يوشۇرماق ئەيىب سانالسا،
ياش يوشۇرماس قايسى بىر كىشى؟

ياش يوشۇرسا يوشۇرسۇن ھەر كىم
يوشۇرمىسۇن ياشلىق روھىنى.
قېرىسىمۇ ئالسۇن تىك تۇرۇپ،
بۇ ھاياتتىن ياشلىق زوقىنى.

## ئۈمىت

ئۈمىت بىلەن گۈللەيدۇ ھايات،
ھەر مىنۇتتا قالدۇرۇپ ئىزنى.
ئۈمىت بىلەن ياشايدۇ ئىنسان،
تۆكۈپ ھالال مېھنەت تەرىنى.

ئۈمىت شۇنداق نۇرى ھاياتنىڭ،
بۇ نۇر بىلەن كۆرۈلەر ئىقبال.
ئۈمىت بىلەن ئىش قىلسا گەر كىم،
نىشانغا يېتەر بىمالال.

مەنمۇ شۇنداق ئۈمىتلىك ئىنسان،
ئۈمىت بىلەن تۇغۇلغان ئۆسكەن.
ئۆتكەن كۈنلەر يادىمدا مېنىڭ،
ئۈمىت بىلەن قايىنامدا ئۈزگەن.

## ئۈچ شېئىر

ئابدۇللا ئىدرىس

### بىر گۈل

بىر گۈل،
كۆردۈم سېنى،
سۆيدۈم سېنى،
بولدى شۇنداق.
قەلبىم گۈل،
ئەتراپىم گۈل.
باسالمىدىم ھاياجاندىن،
تۇتۇپ ئۆزۈمنى.
گۈلدىن كۆي تۆكتۈم،
گۈلدىن گۈل تۆكتۈم،
ئەمدى ئاڭلاڭ دوستلار،
مېنىڭ ئۈنۈمنى.

### شامالنىڭ سۆزى

كايىپ كەتتى،
سامان شامالغا،
نېمىشقا قوغلايسەن مېنى
قېنى چوڭلۇقۇم؟
قېنى ھۆرمىتىم؟
دېدى شامالمۇ شۇ چاغ،
ئەي سامان،
سېنى ئۇچارغىنىم مېنىڭ
ئادىللىقىمدىن.
ھەقىقەتكە سادىقلىقىمدىن،
سەن كەتمەك
ئايرىلمايدۇ دان،
بەلكى سېپىدۇ ئاستىمدا قېلىپ
شۇنىڭ بىلەن ياشنايدۇجا

شېئىرىيەت گېزىتى
... ژۇرنىلىنىڭ قوشۇمچىسى

1986 - يىل
ئىيۇل
(7 - سان)

## ئۇستاز

ئەرشىدىن راشىدىن

قەدىرلىك بىباھا ئۇستاز،
باغۋەنسەن، ئىجادكارسەن.
تۆھپەڭ تاغ بىلەن تەڭداش،
قەلبىڭ چوڭ ئىجادكارسەن.

پەرۋىشكە سەرپ ئەتتىڭ،
زېھنىڭنى، مادارىڭنى.
ئۆتكۈزدۈڭ تۆكۈپ ساپ تەر،
ياشلىقىڭ - باھارىڭنى.

پەرھاتمەن قۇۋۋەت بەردىڭ،
بىستۇنلار قازارىمغا.
ئىلھامغا بۇلاق نامىڭ،
داستانلار يازارىمغا.

## ئىككىمىزنىڭ غايىسى

قادىر سىدىق

يارىم كەلدى يېزامغا
جانىنى ئېتىپ قايىنامغا
مەلھەم بولدى ۋىسالى،
كۆيۈككۈمگە - يارامغا.

يارىم كېلىپ ھارماڭ دەپ،
ئالقىشىدىم ياشاڭ دەپ.
گۈل تەڭلىگەم ئالمىدى،
قەلبىڭىزنى ئاتاڭ دەپ.

ئىككىمىزنىڭ غايىسى،
مۇھەببەتنىڭ دارىسى.
بىز بولىمىز يېزىنىڭ
كۆركەم گۈللۈك غۇنچىسى.

## مەن گۈزەللىك ئاشىقى

ئابدۇرېھىم سىدىق

مەن گۈزەللىك ئاشىقى، بىراق،
تەلپۈنەيمەن ھەشقى پېچەككە،
رەڭدار ئەمما پۇراقسىز شۇ گۈل،
قاچە ھوزۇر بەرمەس يۈرەككە.

مەن گۈزەللىك ئاشىقى، بىراق،
گۈل ئۈزمەيمەن سىندۇرمەي ئەجىر.
كىمكى بولسا تەييارغا ھەييار،
نەدە قالۇر ئىنسانلىق قەدرى؟

مەن گۈزەللىك ئاشىقى، بىراق،
پارقىرىسىلا دېمەيمەن ئالتۇن.
تېشى پال-پال، ئىچى غال-غالدىن
كىمنىڭ كۆڭلى بولاركىن مەمنۇن؟

## پارچىلار

سەلەي قاسىم

ياشلىق باقىيا ئالمىسىپ،
كەتتىڭ ھەجەپ قارىسىپ.
ئۆيگە كېلىپ نېمىشقا،
يېتىپ كەتتىڭ دالىسىپ.

× ×

دادام يۇرتىنىڭ كاتتىسى،
ئانام كاتتا دادامغا.
دادام ئۆيدە زۇۋانسىز،
سىرتتا پاتماس جاھانغا.

× ×

گەپ بىلەن نەپ بىر تۇغقان،
كېسەل بۇ، ماڭا يۇققان.
ئىبرەت ئالىدۇ سەندىن،
بىلىپ نەپىنى يىغقان.

كەلسە ئامەت كەلدى دېمە،
كەتسە رەنجىپ كەتتى دېمە.
كېلىپ كېتەر ئالەم بۇ،
سانىماي يەتتە دېمە.

× ×

مەن ئاسرامەن ئۆزۈمنى،
روشەن قىلغىن كۆزۈمنى.
بولسا ھايات دەقىقە،
بىلىپ سۆزلە سۆزۈمنى.

× ×

ئادەم ئۆزى ھۆل نېمە،
كەينى تىكەن ئالدى گۈل.
ئەتراپىڭدا كۆز تولا،
مەيلى يىغلا، مەيلى كۈل.

## ئۆرلە يۇرتۇم

مەتقۇربان ئىسمايىل

ئالتۇن قۇياش نۇرى بىلەن
گۈلدەك ياشناپ، كۈلگەن يۇرتۇم.
بەخت - مېھنەت چېچەكلىكە
تولغان گۈزەل گۈلشەن يۇرتۇم.

ئىلىم - پەنگە قۇچاق ئاچقان
مەرىپەتنىڭ باغى يۇرتۇم.
قوينۇڭ سېنىڭ گويا جەننەت،
مول ھوسۇلنىڭ تاغى يۇرتۇم.

دەۋرىمىزنىڭ پەرھاتلىرى،
ئاچتى سەندە بىر باب يۇرتۇم.
تاڭشۇرۇلغان دۇلدۇل كەبى،
ئۆرلە قانات ياساپ يۇرتۇم.

...گېزىتنىڭ جاۋابكار مۇھەررىرى (6) تېلېفون: باش مۇھەررىر ئىشخانىسى 27885، ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈم ئىشخانىسى 25064

# كومپارتىيە بولمىسا يېڭى جۇڭگو بولمايتتى

غايىلىك
ئەخلاقلىق
مەدەنىيەتلىك
ئىنتىزاملىق
بولايلى

خورازلار سوقۇشتا بولسىمۇ چاققان،
مىس تىرناق لاچىنغا قاچان جەڭ ئاچقان.
مۈشۈك شىر بولسىمۇ چاشقان تۇتۇشتا،
لېكىن ئۇ يولۋاسنىڭ ئالدىدا چاشقان.

ئاجىز كۆرۈپ دۈشمەننى، ئۆزەڭنى چوڭ تۇتما بەك،
ھەر سۆڭەكتە يىلىك بار، ھەر كۆينەكتە بىر ئەركەك.

گۇلىستاندىن ئېلىندى




نىياز كېرىم شەرقى
يازغان



# قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئاسترونومىيە ئىلمى

ئابدۇرېھىم ھاشىم

بالاساغۇن ۋە قەشقەرنى قوش پايتەخت قىلغان قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدە (مىلادى 1035-يىللىرى) قەشقەردە ساچىيە مەدرىسىسىگە ئوخشاش بىرقانچە مەشھۇر بىلىم يۇرتلىرىدا قۇرۇلغان ئىدى. بۇ بىلىم يۇرتلىرى ئوقۇپ ئىلىم تەھسىل قىلغان ئالىملار، ئەدىبلەر، تارىخچىلار ۋە ھەر ساھەدىكى ئىلىم ئىگىلىرى قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىغا ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ گۈللىنىش دەۋرىگە قاراپ ئىلگىرىلىشىگە تۆھپە قوشقان ئىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ 11-ئەسىردە ئۆتكەن بۈيۈك ئالىمى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەنە شۇلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ دۇنياغا مەشھۇر «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق ئەسىرى ئەنە شۇ گۈللىنىش دەۋرىنىڭ مۇھىم بىر مەھسۇلى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ ئەسىرىدە كۆپلىگەن مۇھىم مەسىلىلەر قاتارىدا قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ ئاسترونومىيىسىنىمۇ چوڭقۇر شەرھىلەپ ئۆتكەن. مەسىلەن: «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ 5-بابىدا: « يەتتە يۇلتۇز ئون ئىككى بۇرۇج بايانى»نىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىنى تەھلىل قىلغىنىمىزدا، قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئاسترونومىيە ئىلمىنىڭ فېئودالىزم ۋە روھانىيەتچىلىك ئىدىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىمۇ يەنىلا ئوتتۇرا ئەسىردە ئۆزىگە خاس شەكىل ئارقىلىق بىر قەدەر تېز تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ ھەقتە مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ ئاسترونومىيە ئىلمىگە بەرگەن باھاسى بار. ئۇنىڭدا: «11-ئەسىرگىچە تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە ئەڭ مەدەنىيەتلىك ھېسابلانغان ئۇيغۇرلار ئاسترونومىيە ھەققىدە خېلى تەتقىقات ئېلىپ بارغان. پەلەك بۇرۇجلىرى ۋە سەييارىلەرنى تەتقىق قىلىپ، ئۇرۇن يۇلتۇزلارغا ئىسىم قويغان» دەپ كۆرسىتىلگەن، شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، دۇنيانىڭ ئاسترونومىيە ئىلمىدە، تاكى ئوتتۇرا ئەسىرگىچە بولغان بىر تارىخىي جەرياندا، «ئالەمنىڭ مەركىزى يەر» دەيدىغان خاتا نۇقتىنەزەر داۋاملىشىپ كەلگەن بولۇپ، قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ ئاسترونومىيە ئىلمىمۇ بۇ خىل چۈشەنچىنى چەتكە قاقمايتتى. بولۇپمۇ ئىسلام دۇنياسىدا، «يەر -ئالەمنىڭ مەركىزى» دېگەن خاتا چۈشەنچىگە چوقۇنۇش مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە داۋاملىشىپ كەلدى. ھىجرىيىنىڭ 1323-يىلى (مىلادى 1903-يىلى) ھىندىستاندا نەشر قىلىنغان «ھىياسۇل لۇغەت» دېگەن كىتابتا يۇقىرىدىكى كۆز قاراش مۇنداق بايان قىلىنغان: «ئالەم بىر يەرشارىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ مەركىزى زېمىن بولۇپ، قالغان پەلەكلەر پىياز پوستىغا ئوخشاش يەر ئەتراپىدا ئايلىنىپ تۇرىدۇ».

«قۇتادغۇبىلىك»دە كۆرسىتىلگەن «يەتتە يۇلتۇز» ئىچىدىكى قۇياشتىن باشقىلىرى ئەمەلىيەتتە سەييارىلەر بولۇپ، قۇياشنى يۈسۈپ خاس ھاجىپ يەتتە يۇلتۇز ئىچىدىكى بىردىن بىر نۇر چاچقۇچى يۇلتۇز دەپ قارىغان. سەييارىلەرنىڭ يەردىن يىراق - يېقىنلىقى ئوخشىمىغاچقا «قۇتادغۇبىلىك»دا مۇنداق تىزىپ كۆرسىتىلگەن: 1. يالچىق — ئاي؛ 2. ئارزۇ — مىركۇرى؛ 3.

سەۋرت — ۋېنېرا؛ 4. قۇياش؛ 5. كۆرۈت — مارس؛ 6. قارا قۇش — يۇپىتېر؛ 7. سەكەتتىر — ساتورن. سەييارىلەرنىڭ يۇقىرىدىكىدەك تىزىپ كۆرسىتىش، ھازىرقى زامان ئاسترونومىيە ئىلمىدە قۇياش ئەتراپىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقان سەييارىلەرنى تىزىپ كۆرسىتىش بىلەن ئاساسەن ئوخشايدۇ. بۇنىڭدىن مىڭ يىللار ئىلگىرى ئاسمان جىسىملىرىنى كۆزىتىشتە ھېچقانداق كۆزىتىش ئەسۋابلىرى بولمىغان شارائىتتىمۇ، يەنىلا مىليارلىغان يۇلتۇزلار ئىچىدىن يەتتە يۇلتۇزنىڭ يەردىن يىراق - يېقىنلىقىنى كۆز بىلەن كۆزىتىپ چىقىپ، ئارىلىقىنى توغرا بەلگىلەپ بەرگەن. قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئاسترونومىيە ئالىملىرىنىڭ ئىقتىدارىغا قايىل بولماي مۇمكىن ئەمەس.

«قۇتادغۇ بىلىك»تە كۆرسىتىلگەن «12 بۇرۇج» ھازىرقى زامان ئاسترونومىيە ئىلمىدە «زودىياك» دەپ ئاتىلىدىغان قۇياشنىڭ يۇلتۇزلار ئارىسىدىكى يىللىق كۆرۈنمە ھەرىكەت يولى بولۇپ، بۇ 12 يۇلتۇز تۈركۈمىدۇر. قۇياش بىر يىل ئىچىدە 12 يۇلتۇز تۈركۈمىدىن ئۆتىدۇ. يەنى ھەر بىر يۇلتۇز تۈركۈمى بىر ئاي بولىدۇ. قۇياش ئۈچ يۇلتۇز تۈركۈمىدىن ئۆتۈپ بولغاندا ( ئۈچ ئايدا) بىزدە بىر پەسىل ئالمىشىدۇ. قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى كىشىلەر، بۇ 12 بۇرۇجقا قاراپ يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق، تىبابەتچىلىك ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغان. مەسىلەن: ئۇيغۇرلاردا مۇنداق بىر تەمسىل بار: سۈمبۈلەدە سۇ سالما، مىزاندا تېرى. مىزاندا تېرىمىساڭ، قوي نېرى. بۇ تەمسىلدە قاراخانىلار دەۋرىدىكى كىشىلەرنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا ئاسترونومىيىلىك ۋاقىتنى قەدىرلەپ، شۇ بويىچە ئىش قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. (9)

## دارۋىننىڭ ئالىيجاناب پەزىلىتى

دارۋىن 1844 - يىلى جانلىقلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسىنى ياراتقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ نەزەرىيىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن، ئېلان قىلىشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ. بىراق كۈتۈلمىگەندە 1858 - يىلى دارۋىننىڭ شاگىرتى ۋاللاسنىڭ ھىندونېزىيە تاقىم ئاراللىرىدىن ئەۋەتكەن بىر ماقالىسىنى تاپشۇرۇۋالىدۇ، ئۇنىڭ كۆزقاراشلىرى دارۋىننىڭ نەزەرىيىسى بىلەن ئوپمۇ-ئوخشاش چىقىدۇ. ۋاللاس ئۇستازى دارۋىننىڭ پىكىر بېرىشىنى ھەمدە بۇ ئىلمىي ماقالىسىنى لىننېي ئىلمىي جەمئىيىتىگە كۆرسىتىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. دارۋىن بۇ ماقالىنى كۆرگەندىن كېيىن ناھايىتى ئەندىكىپ قالىدۇ. مۇبادا ۋاللاسنىڭ ئىلمىي ماقالىسىنى ئېلان قىلسا، ئۆزىنىڭ بىر قانچە ئون يىللىق ئەمگىكى بىكارغا كېتەتتى. ۋاللاسنىڭ ئەسىرىنى ئېلان قىلمىسا، باشقىلارنىڭ ئەمگىكىنى باسقان بولاتتى. كېيىن دارۋىن ۋاللاسنىڭ ئىلمىي ماقالىسىنى ئۆزىنىڭكى بىلەن بىللە لىننېي ئىلمىي جەمئىيىتىگە تاپشۇرۇپ تەڭلا ئېلان قىلىدۇ. دارۋىننىڭ بۇخىل ئالىيجاناب پەزىلىتى ۋاللاسنى ئىنتايىن تەسىرلەندۈرىدۇ. كېيىن، ۋاللاس تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسىنى «دارۋىن نەزەرىيىسى» دەپ ئاتاش توغرىلىق تەكلىپ بېرىدۇ ۋە دارۋىننى «تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسىنى بايان قىلىشتا ئەڭ باب ئادەم» دەپ تەرىپلەيدۇ. (1)



چىن شىدۇڭ

ئىنتايىن نازۇك ۋە مۇرەككەپ پەن - تېخنىكىنى ئۆزىگە ئاساس قىلغان ئامېرىكا ئالەم بوشلۇقىنى ئېچىش ئىشلىرى، ئۇزۇن مۇددەتلىك ۋە ناھايىتى ئىشەنچلىك بولغان زور مىقداردىكى پايدىغا ئېرىشمەكتە. ھازىر ئورغۇنلىغان خۇسۇسىي شىركەتلەر بەس-بەس بىلەن ئالەم ئايروپىلانىدىن ۋە ئالەم بوشلۇقىغا قويۇپ بېرىدىغان قۇرۇلمىلاردىن پايدىلىنىپ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىدا ئالەم بوشلۇقىنى يەر شارىدىن سىرتقى سانائەت بازىسى قىلىشقا تەييارلانماقتا. خيوستون ئالەمگە ئۇچۇش ئورنىنىڭ مۇتەخەسسىسى ئاكىندرو: سېلىسىن ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش سانائىتىنىڭ مەركىزى بولغىنىدەك، ئالەم بوشلۇقىمۇ كەلگۈسىدىكى يېڭى سانائەت رايونى بولۇپ قالىدۇ. ئۇ ۋاقىتلارغا بارغاندا، نۇرغۇن كىشىلەر يەر شارى بىلەن ئالەم بوشلۇقى ئارىلىقىدا قاتناپ تۇرىدىغان باي سودىگەرلەرگە ئايلىنىپ قالىدۇ دېگەن ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئامېرىكىدىكى 350 دىن ئارتۇق نوپۇزلۇق شىركەتلەر يەر شارىدىكىگە ئوخشاش ئېغىرلىق تەسىرىگە ئۇچرىمايدىغان، ۋاكۇئۇملۇق ئالەم بوشلۇقىدا ھەرخىل نازۇك ئەسۋاب-ئۈسكۈنىلەرنى ياساش، تەجرىبە قىلىش ۋە ياكى باشقا پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان، چەكسىز قۇياش ئېنېرگىيىسى بولغان بۇنداق ئالاھىدە شارائىت ئاستىدا، تەۋرىنىشتىن، سۈركىلىشتىن ۋە قالايمىقان شاۋقۇن-سۈرەنلەردىن خالىي ھالدا يەر شارىدا تېخى ئامال قىلغىلى بولمايۋاتقان نۇرغۇنلىغان ماتېرىياللارنى ۋە دورىلارنى ياساپ چىققىلى بولىدىكەن. ئامېرىكا ئالەم بوشلۇقى ئىدارىسىنىڭ قارىشىچە 21-ئەسىرگە بارغاندا، ئالەم بوشلۇقى سانائىتى ھەر يىلى ئىشلەپچىقىرىدىغان مەھسۇلات ۋە تەمىنلەش ئەسلىھەلىرىنىڭ قىممىتى 650 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى ئەتراپىدا بولىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئىچىدىن دورا ماتېرىياللىرى 270 مىليارد، ئالاھىدە ئېلېكترونلۇق كىرىستال جىسىم ماتېرىياللىرى 3 مىليارد 110 مىليون، پەۋقۇلئاددە نۇر چاچقۇچى ساپ ئەينەك 11 مىليارد 150 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولىدىغانلىقىنى ئالدىن مۆلچەرلىگەن.

ھازىر، ئامېرىكا دۆلەتلىك ئۆلچەم ئىشلىرى ئىدارىسى، ئالەم ئايروپىلانى ئۈستىدە ئۇششاق دانچىلاردىن ياسالغان سۈنئىي كاۋچۇك شارنى ساتماقتا. ئۇ مىكروسكوپتا مۇتلەق يۇمىلاق كۆرۈنىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن نازۇك ئەسۋاپلارنى تېخىمۇ ياخشى ئۆلچىگىلى بولىدىكەن. كىچىك شاردىكى ئېغىرلىق غەيرى ئۆزگىرىش پەيدا قىلغانلىقتىن، بۇخىل مەھسۇلاتنى يەر شارىدا ياسىغىلى بولمايدىكەن. بىرىنچى تۈركۈمدە 1 مىليارد كىچىك يۇمىلاق شار سېتىلغان.

بىرنەچچە ئايدىن بۇيان، ئالەم بوشلۇقى تىجارىتىنىڭ قەدىمى ناھايىتى تېز بولماقتا. ئالەم سودىگەرلىرى ۋە خۇسۇسىي ئالەم ئايروپىلانلىرىنىڭ ئىگىلىرى، ئالاقىلىشىش سۈنئىي



ھەمراھى قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىشنى تولىمۇ ئۈمىد قىلماقتا. نۆۋەتتە ئالاقىلىشىش سۈنئىي ھەمراھى بۇ دۆلەتكە ھەر يىللى 2 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى كىرىم قىلىپ بەرمەكتە. ھازىر ئامېرىكىدا ئاز دېگەندە 30 بانكا ۋە تەۋەككۈلچى كاپىتال شىركەتلىرى ئالەم بوشلۇقىغا مەبلەغ سالىدىغانلىقى ھەققىدە ئىرادە بىلدۈرگەن.

مەسىلەن، ئېنېرگىيە شىركىتى ھازىر ئادەم ئېلىپ ماڭالايدىغان راكېتا قويۇپ بېرىشنى پىلانلىماقتا. ئۇ ئارقىلىق ئالەم كېمىلىرىنى ئوربىتىغا ئېلىپ كىرگىلى بولىدىكەن، دۆلەتلىك ئالەم قاتناش ئىدارىسى لايىھىلەپ ياساپ چىققان يەنە بىر خىل راكېتامۇ ئالەم بوشلۇقىدا كان چارلاش، زىرائەتلەرنى كۆزىتىش ۋە ئېتىز - ئېرىقلارنى رەتلەش قاتارلىق ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلالايدىكەن. ھازىر تېكساس شتاتىنى بۇ راكېتانى قويۇپ بېرىدىغان بازا قىلىشنى ئويلاشماقتا. ئۇنىڭدىن باشقا رېتسبورگ خەلقئارا ئالەم قاتناش تېخنىكا شىركىتىمۇ خۇسۇسىيلار ئۈچۈن ئالەم ئايروپىلانلىرى ياساپ بېرىشنى پىلانلىغان. بۇ پۈتۈنلەي سودا خاراكتېرىنى ئالغان بولىدىكەن. تەھلىلچىلەرنىڭ قارىشىچە خۇسۇسىيلارنىڭ ئالەم ئايروپىلانىنى قويۇپ بېرىش مەشغۇلاتى يېقىنقى بىرنەچچە يىل ئىچىدە باشلىنىدىكەن، مۇبادا ئۆتكەنكى ئىككى يىلدا ئالەم بوشلۇقىنى ئېچىش خاراكتېرلىك ئىشلاردا غايەت زور قىزىقىش پەيدا قىلغان نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتمەكچى بولساق، ئۇ، كېيىنكى قېتىمقى سانائەت ئىنقىلابى يەر شارى ئوربىتىسىدا يۈز بېرىدۇ دېگەن قىياس ئىكەن. ھەممە ئۇ ئىنسانلارغا مۆلچەرلىگۈسىز پايدا مەنپەئەت ئېلىپ كېلىدىكەن. (8)

## غايە يولىدا جان تىكىپ ئېلىشىش

پارتىيىمىزنىڭ ئاتاقلىق رەھبەرلىرىدىن بىرى بولغان يولداش سەي خېسېن 1931 - يىلى 3 - ئايدا، پارتىيىنىڭ يولىيورۇقى بويىچە شياڭگاڭ رايونىغا بېرىپ يەر ئاستى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. يولغا چىقىش ئالدىدا، شياڭگاڭدىن ئەمدىلا قايتىپ كەلگەن قىز جىيەنى، ئۇنىڭغا ۋاقتىنچە بارماسلىقنى دەۋەت قىلىدۇ. بىراق ئۇ: «ئىنقىلاب قىلىدىكەنمەن، قەيەر ئېھتىياجلىق بولسا شۇ يەرگە بارىمەن، شەخسىي بىخەتەرلىك بىلەن ھېسابلىشىشقا بولمايدۇ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئۇ شياڭگاڭغا بارغاندىن كېيىن، ئىشچىلارنى تەشكىللەش خىزمەتلىرىنى ئىشلەيدۇ. ھۆججەتلەرنى تەستىقلاپ، خىزمەتلەرنى تەتقىق قىلىدۇ، شۇ يىلى 6 - ئاينىڭ 10 كۈنى شياڭگاڭ دېڭىزچىلىرى مۇھىم بىر يىغىن ئاچىدۇ، پارتىيە تەشكىلى بۇ خىل ئاممىۋى يىغىندا ئىشپىيونلارنىڭ سوقۇنۇپ كىرىۋېلىش ئېھتىمالى بارلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، سەي خېسېنگە يىغىنغا قاتناشماسلىقنى ئېيتىدۇ، ئەمما سەي خېسېن يىغىنغا قاتنىشىدۇ. مېڭىش ئالدىدا، ئۇ ئايالى لى يىچۈنگە: «چۈشتىن بۇرۇن جەزمەن قايتىپ كېلىمەن، مۇبادا قايتىپ كېلەلمىسەم قولغا ئېلىنغان بولىمەن» دەيدۇ. دەرۋەقە، ئۇ خائىننىڭ ساتقىنلىقى بىلەن قولغا ئېلىنىدۇ. سەي خېسېن قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ تۈرلۈك قىيىن - قىستاق، جازالىرى ئالدىدا ھەرگىز تىز پۈكمەيدۇ. ئاخىرى غالجىرلاشقان دۈشمەن مىلتىق نەيزىسى بىلەن ئۇنىڭ ئىچ - قارنىنى يېرىپ تاشلايدۇ. پارتىيە ئىشلىرى ئۈچۈن، سەي خېسېن 36 يېشىدا قەھرىمانلارچە قۇربان بولىدۇ. (1)



# يولداشلارغا يول قويغان ياخشى

خالىس ئىلى

ئىجتىمائىي ئالاقىلەر جەريانىدا بەزى مىجەزى يەڭگىل، تەربىيىلىنىشى كەمچىل ياشلار باشقىلاردىن كۆڭلى ئازار يېگەن ھامان سەۋرى - تاقەت قىلالماي قارشى تەرەپ بىلەن ئېلىشماقچى بولىدۇ. ئۇلار «قاراپ تۇرۇپ بوزەك بولامەنمۇ؟» دەپ ئويلايدۇ - دە، مۇشۇ ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، يېنىكرەك بولغاندا تىللىشىدۇ، ئېغىرراق بولغاندا قول سېلىشىدۇ. مۇنداق قىلىش توغرا ئەمەس. ئەڭ ياخشىسى ئومۇمىيلىقنى چىقىش قىلىپ، ئاچچىق كەلگەندە سەۋرى-تاقەت قىلىش، ئۆزئارا يول قويۇش، گەپ بولسا كېيىن دېيىشىش كېرەك.

لېكىن بەزى يولداشلار: «يول قويۇش - پرىنسىپنى تاشلىۋەتكەنلىك بولىدۇ» دېيىشىدۇ. مەسىلىنى بۇنداق چۈشىنىش توغرا ئەمەس. ئادەتتە ياشلار ئارىسىدىكى دەتالاش پرىنسىپاللىق مەسىلىلەر ئۈستىدە بولمايدۇ. يول قويسىلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. پرىنسىپاللىق مەسىلە بولغان تەقدىردىمۇ تەشكىلگە ئىنكاس قىلىش ياكى قارشى تەرەپنىڭ ئاچچىقى ياندىن كېيىن سوغۇق قانلىق بىلەن ھەل قىلىش لازىم، مەيلى قانداقلا مەسىلە بولسۇن ئۇرۇشۇش، جېدەل - ماجىرا قىلىش مەسىلە ھەل قىلىشنىڭ توغرا ئۇسۇلى ئەمەس.

بىز دەۋاتقان يول قويۇش قەھرى - غەزەپكە كەلگەن چاغدىكى «يول قويۇش» ئارقىلىق چوڭ جېدەلدىن ساقلىنىشنى كۆرسىتىدۇ. بىر تەرەپ يول قويۇپ گەپ قىلمىسىمۇ رەھبەرلىك ۋە يولداشلار ئوتتۇرىغا چىقىپ، تىللىغان، قول تەككۈزگەن يولداشنى ئەيىبلەيدۇ. ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ. ئازار بەرگەن كىشىمۇ يۇمشاق گەپنى ئاڭلايدۇكى، ھەرگىز قاتتىق گەپنى كۆتۈرمەيدۇ. ئۇنىڭغا سىلىق - يۇمشاق مۇئامىلە قىلىپ ياردەم بەرگەندە، ئاسان قوبۇل قىلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىش كۆرۈلسە ئۇ تېخىمۇ ئەدەپ، ئاخىرىغىچە «ئېلىشماقچى» بولىدۇ. ئەگەر بىرەر تەرەپ يول قويمىسا، جېدەل - ماجىرا بارغانسېرى ئۇلغىيىدۇ، بۇ ئەمەلىيەتتە جېدەلخورلارنىڭ «غەزىپى»گە «ئىلھام» بەرگەنلىك بولىدۇ.

يولداش ليۇ شاۋچى: «بىز ئۆزىمىزنىڭ گەپ-سۆزلىرىدە باشقا يولداشلارغا ئازار بەرمەسلىككە دىققەت قىلىشىمىز لازىم، لېكىن باشقىلار گەپ - سۆزلىرىدە بىزگە ئازار بەرگەن ۋاقىتتىمۇ ئۇنى كۆتۈرۈشىمىز لازىم» دېگەن ئىدى. بۇ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان ھەر بىر ئىنقىلابىي ياشقا قويۇلغان تەلەپ. يولداشلار ئارىسىدا ئاڭ - سەۋىيە جەھەتتىن تەربىيىلىنىش، مىجەز قىلىقلارنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن قىسمەن چاغلاردا گەپ تالىشىش، تاكاللىشىشتىن خالىي بولۇش تەس. بولۇپمۇ ياشلاردا تېخىمۇ شۇنداق. بۇنداق ئەھۋالغا يولۇققاندا، بىز يولداش ليۇ شاۋچىنىڭ تەلىمىنى ئەستە ساقلاپ، بىردەملىك ئاچچىقنى يۇتۇۋېتىشىمىز لازىم. جېدەل - ماجىرا ھەمىشە ئىككى تەرەپنىڭ كاللىسى قىزىغان چاغدا پەيدا بولىدۇ. ئەگەر بىر تەرەپ يول قويسا قارشى تەرەپنىڭ ئاچچىقى ھەر قانچە كېلىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، بەربىر يانىدۇ. ھەممەيلەن مۇشۇنداق قىلساق، يولداشلار ئارىسىدىكى دوستلۇق، ئىناقلىقنى كۈچەيتكىلى، شۇ ئارقىلىق ئىنقىلابىي خىزمەتنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلىگىلى بولىدۇ. (1)

## ئەڭ بۇرۇنقى لامپۇچكا

چىراق ئەينىكىنىڭ ئىچىگە نېئون، ئارگون، گېلىي گازى قاچىلاپ توك ئۆتكۈزگەندە ئوخشاشمايدىغان ھەرخىل رەڭلىك نۇر چىقىرىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئاساسلىنىپ كىشىلەر رەڭگارەڭ نېئون چىرىغىنى ياساپ چىققان. دۇنيادىكى بىرىنچى نېئون چىرىغىنى 1910- يىلى فرانسىيىلىك خىمىيە ئالىمى كىراۋدېر ئىجات قىلغان. ئەينى چاغدا چىراق نەيچىسى ئىچىگە نېئون گازىنى قاچىلىغان. شۇڭا ئىنگلىزلار نېئون لامپىسى دەپ ئاتىغان. نېئون چىرىغىنىڭ نۇر چېچىش كۈچلۈك، شۇڭا ئۇنى ئايرودروم، پورتلاردا كۆرسەتكۈچ چىراق ئورنىدا ئىشلىتىدۇ. (9)

## سائەت ۋە تەرەپ

ئەگەر سىز سىرتقا چىققان ۋاقتىڭىزدا تەرەپنى پەرق ئېتەلمەي قالسىڭىز، قولىڭىزدىكى سائەت ئارقىلىق تەرەپنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۇسۇلى: ئەينى چاغدىكى ۋاقىتنىڭ كۆرسەتكۈچى سانىدىن يېرىمىنى ئېلىۋەتكەندىن كېيىنكى ئېرىشكەن سان قۇياشقا توغرىلىنىدۇ مانا مۇشۇ ۋاقىتتىكى سائەت سىترېلكىسىنىڭ 12 گە توغرىلانغان تەرىپى شىمال بولىدۇ. مەسىلەن: چۈشتىن بۇرۇن سائەت سەككىزدە يېرىمى ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىنكى تۆت ئورنى قۇياشقا توغرىلىنىدۇ. سائەت قەرىتىدىكى 12 كۆرسەتكەن نىشان شىمال تەرەپنى بىلدۈرىدۇ. (9)

## ئاچچىقسۇ ۋە ئۇنىڭ رولى

ئاچچىقسۇ تۇرمۇشقا كەم بولسا بولمايدىغان تەم تەڭشىگۈچ شۇنداقلا ئۇنىڭ ھۆسن تۈزەش رولى بار. سۇغا ئازراق ئاچچىقسۇ ئارىلاشتۇرۇپ چاچنى يۇيۇپ بەرسىڭىز چاچنى يۇمشۇتۇپ پارقىرىتىدۇ، يۈزنىڭ تېرىسىنى سىلىقلاشتۇرىدۇ؛ سىز ھەددىدىن زىيادە ھاراق ئىچىپ مەس بولۇپ قالغانلىقىڭىزنى ھېس قىلغىنىڭىزدا، بىرئىككى يۇتۇم ئاچچىقسۇ ئىچىۋەتسىڭىز دەرھاللا ھاراقنى كېسىدۇ؛ مۇۋاپىق مىقداردىكى ئاچچىقسۇنى ئىسسىتىپ تېمپېراتۇرىسىنى 50 گرادۇس ئەتراپىغا يەتكۈزۈپ ئىچسىڭىز ئۈچەيدىكى مەددە قۇرۇتىنى يوقىتىدۇ؛ ئاچچىقسۇ بىلەن ئۆينى دېزىنفېكسىيە قىلغاندا يۇقۇملۇق زۇكامنىڭ ئالدىنى ئېلىپ كېسەلنى ئازايتىدۇ. (9)

## بايراق چۈشۈرۈش

بايراقنى يېرىم چۈشۈرۈش ئالدى بىلەن دۆلەت بايرىقىنى بايراق مومىسىنىڭ ئۇچىغىچە چىقىرىپ، ئاندىن بايراقنى مومىنىڭ ئۇچىدىن بىر قىسمىغىچە چۈشۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ماتەم مۇراسىم قائىدىسىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنداق قىلىش ئەسلىدە ئەنگلىيىدىن تارقالغان. 1612-يىلى ئەنگلىيىنىڭ بىر پاراخودى دېڭىز يېرى ئىزدەۋاتقاندا پاراخود باشلىقى شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ دېڭىز قىرغىقىدا ياشايدىغان ئېسكىموسلار تەرىپىدىن قەتلى قىلىنغان. ماترۇسلار قايتىدىغان ۋاقىتتا بايراق چۈشۈرۈش ئارقىلىق ئۆلگۈچىگە ماتەم بىلدۈرگەن ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ئۇسۇل خەلقئارالىق ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان. (9)

## زىننەت ۋە گۈزەللىك

ئۆزى ئورۇق ۋە بويىنى ئىنچىكە، ئېگىز بويلۇق ئاياللار تاق يىپلىق قىستا مارجان تاقسا كۆرۈنۈشتە باشقىلارغا ئورۇق ۋە ئېگىز كۆرۈنمەيدۇ. يۈزى يۇمىلاق، بويى پاكار كەلگەن ئاياللار ئەڭ ياخشىسى ئىنچىكە، ئۇزۇن مارجان تاقىغىنى تۈزۈك، ئۆزىنى ئازادە ھېس قىلالايدۇ. ئەگەر مارجاننىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا ئادەمنىڭ كۆزىنى چاقنىتىدىغان مەدالىيون بولسا ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. يۈزى سوزۇنچاق ئاياللار نورمال ئۇزۇنلۇقتىكى مارجان تاقىشى لازىم، چىرايلىق ئاياللار چوڭ مارجان تاقسا چىراي گۈزەللىكىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ (1)

## ئوكسفورد ۋە كېمبىرىج

ئوكسفورد بىلەن كېمبىرىج ئەنگلىيىدىكى ئەڭ قەدىمى ئىككى شەھەر، شۇنداقلا دۇنيا ئىلىم ساھەسىدە ناھايىتى يۇقىرى ئابرويغا ئىگە ئىككى ئالىي مەكتەپنىڭ ئىسمى، تارىختا نامى چىققان نيۇتون، دارۋىن قاتارلىق ئۇلۇغ ئالىملار ساچېر، ئىندىراگەندى قاتارلىق سىياسىئونلار بۇ مەكتەپتە ئوقۇغان. ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى 12- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كېمبىرىج ئۇنىۋېرسىتېتى بولسا 13- ئەسىرنىڭ بېشىدا قۇرۇلغان. بۇ مەكتەپ قۇرۇلۇشلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئالاھىدە ئەجر سىڭدۈرۈلگەن، ئۇنىڭدا قەدىمى دەۋردىكى قۇرۇلۇش ئۇسلۇبىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ھەربىر مەكتەپتە 30 دىن ئارتۇق ئىنستىتۇت، ئۇرغۇن ئوقۇتۇش ۋە ئىلمىي تەتقىقات ۋاپپاراتلىرى، كۇتۇپخانىلار، باغچىلار بار. (1)

## تۇنجى ماركا

ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئەنگىلىيىلىك روللان ھىل ئىسىملىك بىركىشى لوندون كوچىسىدا ئايلىنىپ يۈرگەندە، پوچتالىيون بىر پارچە خەتنى بىر قىزغا بېرىپ ئۇنىڭدىن پوچتا ھەققىنى تەلەپ قىلغانلىقىنى قىز كونۋېرتقا بىرقاراپلا: «مېنىڭ پۇلۇم يوق، خەتنى قايتۇرۇپ كېتىڭ» دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ قالىدۇ. ھىل ھېلىمقى قىز ئۈچۈن پوچتا ھەققىنى تۆلەپ قويىدۇ. قىز ئۇنىڭغا: «ئەپەندىم، بىزنامرات، ئاكام بىلەن كېلىشكەن، ئۇ سالامەت بولسا، كونۋېرتنىڭ بۇرجىكىگە چەمبەر سىزىپ قويىدۇ. مەن شۇنى كۆرسەملا كۇپايە، خەتنى ئېلىش بىھاجەت» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھىل ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىگە كونۋېرتتا ماركا چاپلاش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىدۇ. بۇ تەكلىپ قوبۇل قىلىنىپ 1840- يىل 5- ئايدا تۇنجى ماركا تارقىتىلىدۇ. (1)

## ماۋتەي ھەققىدە پاراڭ

ماۋتەي ھارىقى 1915- يىلى پانامادا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا كۆرگەزمىدە ئالتۇن مۇكاپاتقا ئېرىشىپ شۆھرەت قازانغان. ئەسلىدە شۇ قېتىمقى كۆرگەزمىدە ماۋتەي ھارىقى قاچىلىنىشىنىڭ ناچارلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە دۆلىتىمىزنىڭ خەلقئارالىق ئورنىنىڭ تۆۋەنلىكى تۈپەيلىدىن غەرپلىكلەرنىڭ نەزىرىگە چۈشمىگەن، باھالاش قاتارىغىمۇ كىرگۈزۈلمىگەن. جۇڭگولۇق بىر سودىگەر دەرھال ئەقىل تېپىپ، بىر بوتۇلكا ماۋتەي ھارىقىنى قەستەن چېقىۋەتكەن، شۇھامانلا ئۇنىڭ خۇش پۇرىقى ئەتراپقا تارىلىپ كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرغان. شۇنىڭ بىلەن ماۋتەي ھارىقى شۆھرەتكە سازاۋەر بولغان. (1)



# قايتا ياشىرىش توغرىسىدىكى بايقاش

لوي جىندا

كىشىلەر ئۇزۇن يىللاردىن بېرى، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنى، قېرىلىقتىن ياشلىققا قايتىشنى ئارزۇ قىلىپ كەلدى. مەدەنىيەت ئىلىمىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئادەملەرنىڭ ئۆمرىمۇ بارا - بارا ئۇزىراپ باردى. مەسىلەن، ئەرلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى 73 ياشقا، ئاياللارنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى 75 ياشقا يېتىپ باردى. ئايرىم كىشىلەر 150 ياشتىن ئارتۇق ياشىدى. بۇ ئادەمنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتقىلى، قېرىش مەزگىلىنى كېچىكتۈرگىلى، قېرىلىقتىن ياشلىققا قايتىشنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۇنداقتا، بىز قانداق قىلساق ئاندىن «قېرىلىقتىن ياشلىققا قايتىش» نى ئىشقا ئاشۇرالايمىز؟ بۇنىڭغا ئامېرىكا ئالىملىرى ئىلمىي تەپەككۇر ئارقىلىق جاۋاب تاپتى. ئۇلار بۇنداق دەپ قارىدى: ياشنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ كېسەللىكلەرنىڭ ئىممۇنىتېت ئىقتىدارى ئاجىزلىشىپ بارىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قېرىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان كېسەللىك ئۆزلۈكسىز يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ئىممۇنىتېت ئىقتىدارىنىڭ ئاجىزلىشىپ بېرىشى ئادەم بەدىنىدىكى كۆكرەك بېزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بالىلىق ۋاقتىدا ئادەمنىڭ كۆكرەك بېزى تەرەققىي قىلىدۇ. 80 ياشتىن ئۆتكەندىن كېيىن، كۆكرەك بېزى تەدرىجىي ھالدا ئاجىزلىشىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ياغ ئىگىلەيدۇ. ئەگەر بالىلىق دەۋرىدە كۆكرەك بېزىدىكى ھۈجەيرىنىڭ بىر قىسمىنى چىقىرىۋېلىپ توڭلىتىپ ساقلىغىلى بولسا، ئۇنى 60 - 70 ياشقا بارغاندا شۇ ئادەمنىڭ بەدىنىگە سالسا، ئۇنىڭ ياشلىق باھارى قايتىدىن ئەسلىگە كېلىدۇ. قېرىلىقتىن ياشلىققا قايتىشتىن ئىبارەت بۇ تەجرىبە ھايۋاناتلارنىڭ بەدىنىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلغان.

سوۋېت ئىتتىپاقى بىئولوگىيە ئالىمى ئالېكسېينىڭ باشقا بىر ئۇسۇل بىلەن ئورگانىزمنىڭ «قېرىلىقتىن ياشلىققا قايتىشى» نى ئىشقا ئاشۇرغانلىقى بۇگۈنكى كىشىلەرنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇردى. بۇ 56 ياشلىق بىئولوگىيە ئالىمى بالىلىق دەۋرىدە ئۆيىدە بىر سېغىن كالا باققان بولۇپ، شۇ چاغلاردا ئوت - بوغۇز كەمچىل ئىدى. لېكىن ئۇ كالا ئاچ قالسىمۇ ئۆلۈپ قالمىغان. ئەكسىنچە 20 يىل ياشىغان، باشقا كالىلاردىن سەككىز يىل ئۇشۇق ياشىغان. بۇ ئىش ئالېكسېيغا ئاچ قويۇش ئارقىلىق ھايۋاناتلارنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتقىلى، ئۇلارنى قېرىلىقتىن ياشلىققا قايتۇرغىلى بولامدۇ - يوق؟ دېگەنلەرنى ئەسكەرتكەن. ئۇ بۇ جەھەتتە تەجرىبە ئېلىپ بېرىش قارارىغا كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن 1964- يىلى ئالېكسېي توخۇ ئۈستىدە رەسمىي تەجرىبە ئېلىپ بارغان. ئۇ تۇخۇم تۇغۇشتىن توختاپ قالغان 1000 دانە توخۇنى بىر ئاي ئىچىدە يەتتە كۈن ئاچ قويۇپ باققان. ئۇنىڭغا پەقەت سۇ ۋە ئازراق دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن ياسالغان قوزغىلىشچان رېناكسىيەگە قارشى دورىلارنى بەرگەن. بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ توخۇلار بىردىنلا «قېرىلىقتىن ياشلىققا قايتقان»، ئۇنىڭغا يېڭىدىن تۈك ئۈنۈپلا قالماستىن، بەلكى قىچقىرىشىمۇ چۈجە بىلەن ئوخشاش بولۇپ قالغان. ئەڭ مۇھىمى، بۇ توخۇلار تۇخۇم تۇغۇشقا باشلىغان. ئاچ قويۇپ داۋالىغاندىن كېيىن، بۇ توخۇلارنىڭ ئۆمرى ئادەتتە بېقىلغان توخۇلارغا قارىغاندا ئۈچ ھەسسە ئۇزارغان.

ئالېكسېي مانا مۇشۇنداق كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان مۆجىزىلەرگە ئېرىشكەندىن كېيىن، بۇنداق ئاچ قويۇپ داۋالاش ئۇسۇلىنى ئادەملەرگە قوللانسا بولامدۇ - يوق؟ دېگەنلەرنى قىياس قىلىشقا باشلىغان، شۇنىڭ بىلەن 1965 - يىلى، ئۇ «قېرىلىقتىن - ياشلىققا قايتۇرۇش» ئىن ئىبارەت بۇ تەجرىبىنى ئۆزى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان، ئۇنىڭ كونكرېت ئۇسۇلى مۇنداق بولغان: ئۇ ئۆزىنى بىر ئايدا بىر قېتىم ئۈچ كۈن، ئۈچ ئايدا بىر قېتىم ئۈزمەي بىر ھەپتە، يېرىم يىلدا بىر قېتىم ئۈزمەي ئىككى ھەپتە، بىر يىلدا بىر قېتىم ئۈزمەي بىر ئاي ئاچ قويۇپ داۋالىغان، بۇ مەزگىلدە ئۇ پەقەت سۇ ۋە ھېلىقىدەك قوزغىلىشچان رېئاكسىيىگە قارشى دورىلارنىلا ئىستېمال قىلغان. بۇجەرياندا، ئۇنىڭ ئىلگىرى دورا بىلەن ساقايماي كېلىۋاتقان ئاستا خاراكتېرلىك ئاشقازان ياللۇغى ۋە ئاشقازان يارىسى كېسەللىكى ساقىيىپلا قالماستىن، بەلكى شۇندىن كېيىنكى چاغلاردىمۇ ئۇ ئازراق زۇكاممۇ بولۇپ باقمىغان.

ھازىر، بۇ ئالىم يەنە ئۆزىنىڭ 120 ياشقىچە ساغلام پائالىيەت ئېلىپ بېرىش پىلانىنى تۈزۈپ چىققان، بۇ پىلاندا، ئۇنىڭ يېمەك - ئىچمىكى ھەر كۈنى ئىككى ۋاقلىق تەبىئىي يېمەكلىك بولغان. ئۇ بىر ۋاخلىقىغا 50 گىرام قۇرۇق ئۈزۈم ياكى ئالما، يا بولمىسا 100 گىرام ئارپا ئۈندۈرمىسىنى يېيىدىكەن. مۇشۇنداق ئاز تاماقمۇ ئۇنىڭ تەن - سالامەتلىكىگە زىيان يەتكۈزمىگەن، ئەكسىچە ئۇ 16 كىلوگىراملىق چويۇن مۇشتەكنى كۆتۈرۈپ گىمناستىكا ئوينىغاندىمۇ، خۇددى بۇرۇنقىدەك يېنىكلىك ھېس قىلغان. گەرچە ھازىر بىز بۇنىڭغا قارىتا ئەڭ ئاخىرقى ھۆكۈمنى چىقىرالمىساقمۇ، لېكىن ئۇ ئۆز پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرغان چاغدا، ئاچ قويۇپ داۋالاشنى قېرىلىقتىن - ياشلىققا قايتىشتىكى يېڭى بايقاش، دەپ ئېيتالايمىز. (8)

## دۇنيادىكى ئەڭ كىچىك شەھەر

ئىتالىيەدىكى مېنىمىنتو دۇنيا بويىچە ئەڭ كىچىك شەھەر ھېسابلىنىدىكەن، شەھەرنىڭ ئاھالە روييختىدە 32 ئادەمنىڭ ئىسمى تىزىملانغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە پەقەت تۆت ئەر، ئالتە ئايالدىن ئىبارەت ئون ئادەم تۆت ئائىلىگە بۆلۈنۈپ ئولتۇراقلاشقان. قالغان 22 ئادەم قىش كىرگەن ھامان بۇ يەردىن ئايرىلىپ باشقا يەرگە كېتىدىكەن.

مېنىمىنتو دېڭىز يۈزىدىن 1500 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئالپ تېغىنىڭ قاپتىلىغا جايلاشقان بىر كىچىك قونالغۇ جاي بولۇپ ھەر يىلى 10- ئايدىن ئىككىنچى يىلى 4- ئايغىچە ئاپئاق قار بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدىكەن. شەھەر ئاھالىلىرى ئاساسەن سېغىن كالىلارنى بېقىش بىلەن مەشغۇل بولىدىكەن، ساغقان سۈتلىرىنى ئۆزى ئىچمەستىن سىرت يەنە پىشلاق ياساپ ئىتالىيە بىلەن فرانسىيە چېگرىسىدىكى كىچىك شەھەر سوسانىڭ بازارلىرىغا ئاپىرىپ ساتىدىكەن، قىزىقارلىقى شۇكى، پەقەت 32 ئادىمى بار بۇ كىچىك شەھەردە ئىككى سىياسىي پارتىيە بار ئىكەن، ئۇلار ھازىر ھاكىمىيەت باشقۇرۇۋاتقان «تاغ پارتىيىسى» ۋە ھاكىمىيەت سىرتىدا تۇرۇۋاتقان «قوڭغۇراق پارتىيىسى» دىن ئىبارەت ئىكەن. نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، ئىككى پارتىيىنىڭ مۇناسىۋىتى ئىناق بولۇپ كەلگەن، چوڭ مەسىلىلەرنى ھەل قىلغاندا پىكىر بىردەك بولۇپ، ئەزەلدىن چوڭ تالاش - تارتىش بولمىغان، بۇ يەردىكى ئاياللار سىياسىي پائالىيەتلەرگە قاتناشمايدىكەن، شەھەردىكى 15 نەپەر ئەركەكنىڭ ھەممىسى شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەمەلدارى ئىكەن.(1)

## جۇۋا تاشلاش

ئەپەندىم ئايالىغا بىر جۇۋا تاشلاپ بېرىپتۇ، ئايىلى جۇۋا چىرايلىق تاشلانماپتۇ دەپ سۆكۈۋېتىپتۇ ـ دە، دەپتۇ:

— ئەپەندىم، جۇۋىنى قايتا تاشلاپ بېرىڭ، —

ئەپەندىم جۇۋىنى ھېلى ئۇياقا، ھېلى بۇياقا تاشلىغىلى تۇرۇپتۇ. بۇنىڭدىن ھەيران قالغان ئايالى:

— ئەپەندىم جۇۋىنى تاشلاپ بېرىڭ دېسەم بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ — دەپتۇ.

— تاشلاپ بېرىڭ دەپتىڭىز، تاشلىدىمغۇ مانا! — دەپتۇ ئەپەندىم جۇۋىنى يەرگە تاشلاپ تۇرۇپ.

مەمتىمىن قۇربان

## مەن بىلەن تەڭ

— ھەي بالا، داداڭ قانچە ياشقا كىردى؟

— مەن بىلەن تەڭ.

— نېمە ئۈچۈن؟

— مەن تۇغۇلغاندىلا ئاندىن ئۇ ماڭا دادا بولدى ئەمەسمۇ؟

## ئۇزاق ۋە قىسقا

نەۋرىسى بوۋىسىغا ئۆزىنىڭ تارىخ ئىمتىھانىدىن «ياخشى» نەتىجە بىلەن ئۆتكەنلىكىنى كۆرەڭلىگەن ھالدا ئېيتتى.

— مەن كىچىك چېغىمدا تارىخ ئىمتىھانىدا ھامان تولۇق نومۇر ئالاتتىم، — دېدى بوۋىسى.

— ئۇنى بۇنىڭغا قانداقمۇ سېلىشتۇرغىلى بولسۇن، — دېدى نەۋرىسى، — سىز ئوقۇۋاتقان چاغدا تارىخمۇ قىسقىراق ئىدى.

(مۇكەررەم تەرجىمىسى)

## ئاغرىق چىش

ئا: ئۇزۇن بولدى كۆرۈنمەيسەنغۇ، ھېلىقى ئاغرىق چىشىڭ ھېلىمۇ خاپا سالامدۇ؟

ب: بىلمەيمەن، چۈنكى ئۇ چىشىم چىش دوختۇرىنىڭ قېشىدا قالغان.

## ئالدىرىمىغان ياخشى

بىركۈنى ئىككى بالا ۋېلسىپىت بىلەن سىرتقا چىقىپ تاماشا قىلىۋېتىپ ئۇلاردىن بىرسى ئويۇقسىز:

— ئاپلا سائەت سەككىز بولۇپ قاپتۇ ئەمەسمۇ؟ بىز دەرھال ئۆيگە قايتايلى، — دەپ ۋارقىراپ تاشلاپتۇ.

— ياق ئالدىرىمايلى، — دەپتۇ يەنە بىرسى، — ئەگەر ھازىر قايتىپ كەتسەك، ئۆيدىكىلەر بىزنى نېمە ئانچە كەچ قالدىڭ دەپ تىللايدۇ، ئەگەر سائەت ئوندا بارساق شۇنچە قاراڭغۇدىمۇ ھەرھالدا ساق-سالامەت قايتىپ كەپسەن ئوغلۇم دەپ خۇشاللىقىدىن قۇچاغلاپ كېتىدۇ. شۇڭا ئالدىرىمىغان ياخشى.

## تەلىيى ئوڭدىن كەلگەن كىشى

بىركىشى يېرىم كېچىدە ئويغىنىپ ھويلىسىدا بىرنەرسىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، «بۇ بەلكىم ئوغرى بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپ قورالىنى ئېلىپلا ئېتىپتۇ.

ئەتىسى ئۇ ھويلىدا ئۆز كۆينىكىنىڭ ئېسىقلىق تۇرغانلىقىنى، كۆينەكتىن بىر تال ئوقنىڭ تېشىپ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ.

— خۇداغا شۈكرى، — دەپتۇ ھېلىقى كىشى، — مەن ھەقىقەتەن تەلەيلىك ئىكەنمەن، مۇبادا بۇ كۆينەكنى ئاخشام كىيگەن بولسام ئوق مېنىڭ بەدىنىمدىن تېشىپ ئۆتۈپ كېتىدىكەن ـ دە.

## چىراي ئالامىسىز كىتابمۇ؟

كىتابخانا خادىمى: يولداش، بۇ كىتابنى ئوقۇماڭ، بۇ كىتاب ئوقۇيدىغان قىرائەتخانا ئەمەس، كىتاب ساتىدىغان ئورۇن.

خېرىدار: بۇ قانداق پوزىتسىيە، چىرايىڭىز ئىللىقراق بولسىچۇ كاشكى.

كىتابخانا خادىمى: ئېيتىپ بېقىڭا، سىز چىراي ئالامىسىز ياكى كىتابمۇ؟

### لايىق تېپىش

بانكا خادىمى: قىزچاق نېمىشقا ھېچ قانداق ئىشىڭىز يوق تۇرۇقلۇق بىزنىڭ بانكىغا ھەركۈنى كېلىۋېرىسىز؟

قىز: مەن لايىق ئىزدەپ كېلىۋاتىمەن.

بانكا خادىمى: نېمە؟ لايىق دەمسىز؟

قىز: شۇنداق، مەن كىمنىڭ ئەڭ كۆپ پۇل قويىدىغانلىقىنى بىلمەكچىمەن.

### كىنو كورگىلى كەتتى

بىر قارىغۇ كوچىدا ئەتراپىغا ئادەم يىغىپ تىلەمچىلىك قىلىپ ئولتۇرغان ئىكەن. بىر ئايال ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ بىر تەڭگە تاشلاپ بېرىپتۇ. كىم بىلسۇن تەڭگە باشقا ياققا چاچراپ كېتىپتۇ. قارىغۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ يۈرۈلۈپلا تەڭگىنى ئېلىپتۇ.

نېمە، سىز قارىغۇ ئەمەسمۇ؟ — دەپ ۋارقىراپ تاشلاپتۇ ھېلىقى ئايال ھەيران بولۇپ.

— داۋراڭ سالماڭ، — دەپتۇ قارىغۇ خاتىرجەم ھالدا، — ھەقىقىي قارىغۇ كىنو كورگىلى كەتكەن، مەن ئۇنىڭ ئورنىدا بىردەم ئولتۇرۇپ تۇردۇم.

### «دادامنىڭ ئەدىبىنى كىم بېرىدۇ»

بىركۈنى قوغۇن باققۇچى قوشنىسىنىڭ بالىسىنىڭ قوغۇنلۇققا كىرىپ ئوغرىلىقچە قوغۇن يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە ئۇنى تازا بىر قورقۇتۇپ قويماقچى بولۇپ ياقىسىدىن ئاپتۇ — دە:

— ھە، تۇتتۇممۇ ئەمدى، سەن مېنىڭ قوغۇنۇمنى ئوغرىلاپ يېيىشكە قانداق جۈرئەت قىلدىڭ؟ داداڭغا ئېيتىپ ئەدىبىڭنى تازا بىر بەرگۈزۈپ قويمايدىغان بولسام — دەپتۇ.

— ئۇنداقتا دادامنىڭ ئەدىبىنى كىم بېرىدۇ؟ قاراڭ داداممۇ قوغۇنلۇقنىڭ ئۇ بېشىدا قوغۇن يەۋاتىدۇ، — دەپتۇ بالا خاتىرجەم ھالدا قولى بىلەن دادىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

### چاۋاك چېلىش

ئەمەت بىلەن سەمەت بىللە ئويۇن كۆردى. بىرنومۇر ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئەمەت قىزغىن چاۋاك چالدى.

— بۇ ئويۇن قىزىق ئەمەسكەن، سەن نېمىشقا چاۋاك چالىسەن، — دېدى، — سەمەت ھەيران بولۇپ.

— دېگىنىڭ توغرا، — دېدى ئەمەت، — چۈنكى مەن ئۇنىڭ ئاخىرى تۈگىگەنلىكىگە خۇشال بولۇپ چاۋاك چالدىم.

### مۇھەببەت ئىزھار قىلىش

بىر ئاخشىمى بىر جۈپ ئاشىق-مەشۇق باغچىسىدا ئۇچراشتى. يىگىت قىزغا دېدى:

— سىز مېنىڭ قۇياشىم، تولۇن ئايىم ھەمدە قەلبىمدە چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزۇم...

— سىز ماڭا مۇھەببەت ئىزھار قىلىۋاتامسىز ياكى ئاسترونومىيىدىن دەرس ئۆتۈۋاتامسىز؟ دەپ سورىدى قىز.

### قورقۇش

ئا: زاۋۇت باشلىقى، تۈنۈگۈن كېچە مەن باشقىلارنىڭ زاۋۇتنىڭ پولات ماتېرىياللىرىنى ئوغرىلىغىنىنى كۆرۈپ قالدىم.

ب: ئۇنداقتا نېمىشقا تۇتۇۋالمىدىڭ؟

ئا: ھەي، قورقتۇم.

ب: ئوغرىدىن قورقتۇڭ؟ ئادەم چاقىرىشنى بىلمىدىڭمۇ؟

ئا: ئوغرىدىن قورقمىدىم، ئۇنىڭ دادىسىدىن قورقتۇم.

ب: دادىسىدىن قورقتۇم؟ ئۇنىڭ دادىسى كىم؟

ئا: ئۇنىڭ دادىسى سىز.

(مەتتابىررۇزى تەرجىمىسى)



# ئاتاغلىق ئەرباب كازافى توغرىسىدا قىسسە

لىۋىيىنىڭ پايتەختى تىرىپولىنىڭ بۇ يىل 4-ئاينىڭ 15-كۈنى تۇيۇقسىز ئامېرىكا ئايروپىلانلىرىنىڭ ھاۋا ھۇجۇمىغا ئۇچرىغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر ناھايىتى تېزلا تارقالدى. شۇ قېتىمقى بومباردىماندا كازافىنىڭ بېقىۋالغان قىزى قازا تاپتى، ئىككى ئوغلى ئېغىر يارىدار بولدى. كازافى ئامانمىدۇ؟ دېگەنگە ئوخشاش ھەر خىل پەرەزلەر بىرلا ۋاقىتتا دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا زور غۇلغۇلا پەيدا قىلدى. ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن كازافىنىڭ مۇھاپىزەتچىسى تىرىپولى بومباردىمان قىلىنغان ۋاقىتتا كازافى ئالاھىدە ياسالغان چېدىرنىڭ ئىچىدە يېتىپ ۋېيتنام ئۇرۇشى بايان قىلىنغان كىتابنى ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئاشكارىلىدى، بۇ خەۋەرنى باسقان كۆۋەيتتىكى بىر گېزىتتە ئېيتىلىشىچە، دۈشمەننى ئالداش ئۈچۈن بۇ قارارگاھتا كازافى ئىشلىتىۋاتقان چېدىرغا ئوپمۇ ئوخشاش بىر نەچچە چېدىر تىكلەنگەن. بۇ چېدىرلارنىڭ سىرتىغا پاتاغ ئىنقىلابىنى تەبرىكلەيدىغان شوئارلار يېزىلغان. كازافى: «ئامېرىكىلىقلار بىلىشى كېرەككى، بىزنىڭ چېدىرلار ئۇلارنىڭ ئاسمان پەلەك بىنالىرىدىن مۇستەھكەم» دېگەن.

كازافى 1942-يىلى فىتسان ئۆلكىسى سىرت ۋىلايىتىدىكى بىر پادىچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇ كۆچمەن چارۋىچىلار ئەۋلادىدىن ئىدى. كىچىك ۋاقتىدا مال باقاتتى. ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا ناسىر ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ لىۋىيە خەلپىلىكىگە قارشى سىياسىي ھەرىكەتكە قاتناشقان ئىدى.

1963-يىلى ئۇ لىۋىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، يەنە ھەربىي ئىشلار ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان ھەمدە مەخپىي ھالدا «ھۆررىيەتپەرۋەر ئوفىتسېرلار بلوكى»نى قۇرغان. 1965-يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ھەربىي سەپتە خىزمەت ئۆتىگەن ھەمدە ئەنگلىيىگە بېرىپ ھەربىي تەلىم-تەربىيە ئالغان. 1969-يىلى 9-ئاينىڭ 1-كۈنى ئۇ «ھۆررىيەتپەرۋەر ئوفىتسېرلار بلوكى»غا رەھبەرلىك قىلىپ، سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ ئىدرىس خەلپىلىكىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئىنقىلابىي قوماندانلىق كومىتېتىنىڭ رەئىسى ۋە قوراللىق قىسىمنىڭ باش قوماندانى بولغان. شۇ يىلى ئۇ 27 ياشتا ئىدى. 1970-يىلى ئۇ دۆلەت باشلىقى ۋە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى بولغان. كازافى ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن جىددىي تەدبىر قوللىنىپ ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىنىڭ ھەربىي بازىلىرىنى ئۆتكۈزۈۋالدى. كېيىن لىۋىيىنىڭ غەرب ئەللىرىگە سېتىپ بېرىدىغان نېفىتىنىڭ باھاسىنى ئۆستۈردى. كازافى غايەت زور نېفىت كىرىمىگە تايىنىپ تۇرۇپ بىر قاتار يېڭى سىياسەتلەرنى يۈرگۈزدى.

1973-يىلى، كازافى «ئىسلام سوتسىيالىزم» نىڭ پرىنسىپلىرىغا ئاساسەن، كوممۇنىزمغىمۇ قارشى تۇرىدىغان، كاپىتالىزمغىمۇ قارشى تۇرىدىغان، «ئۈچىنچى يول نەزەرىيىسى» نى ئوتتۇرىغا قويۇپ «خەلق ئىنقىلابى»، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» نى قوزغىدى. ئاممىنى «ئەسكى ئادەملەر» نى تازىلاشقا، «چەتتىن كىرگەن يات ئىدى-

مىلەر» نى يوقىتىشقا چاقىردى. مەكتەپ، رادىئو ئىستانسىسى قاتارلىق مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرىنى دۆلەت ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈۋېلىپ، «خەلق كومىتېتى» نى بەرپا قىلدى.

1977 - يىلى، ئۇ ئەسلىدىكى ئەڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگان «ئىنقىلابىي قوماندانلىق كومىتېتى» نى تارقىتىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى باش كاتىپات ئىشخانىسىنى قۇرۇپ چىقتى ھەمدە ئۆزى باش كاتىپلىقنى ئۈستىگە ئالدى. خەلق كومىتېتىنى ئىچكى كابىنېت ئورنىغا دەسسەتتى. دۆلەتنىڭ نامىنى لىۋىيە ئەرەب سوتسىيالىستىك دۆلىتى دەپ ئۆزگەرتكەنلىكىنى جاكارلىدى. 1979 - يىلى ئۇ بارلىق مەمۇرىي ۋەزىپىلىرىدىن ئىستىپا بېرىدىغانلىقىنى، مەخسۇس ئىنقىلابىي ھەرىكەت بىلەنلا شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ھازىر ئۇنىڭ «ئىنقىلابىي رەھبەر» دېگەن نامىدىن باشقا، دۆلەت ۋە مەمۇرىي ئورگانلاردا ھېچقانداق ۋەزىپىسى يوق، كىشىلەر ئۇنى «گېنېرال قېرىنداش» دەپ ئاتاشقا ئادەتلىنىپ قالغان.

ئىقتىسادىي جەھەتتە، ئۇ 1978 - يىلدىن باشلاپ بىر قاتار ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، خۇسۇسىي سودىنى بىكار قىلىپ، ئىشچىلارنى خۇسۇسىي كارخانىلارنى ئۆتكۈزۈۋېلىشقا چاقىردى. شەخسىيلەرنىڭ ئىقتىسادىغا چەك قويۇپ، ھەر بىر ئائىلىنىڭ بىر يۈرۈش تۇرالغۇ ئۆيى، بانكىدا قويغان مەلۇم نىسبەتتىكى ئامانەت پۇلى بولۇشىنى، ئېشىپ كەتكەن قىسمىنى دۆلەتنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈۋالىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى.

كازافى قوراللىق كۈچلەرنى كۈچەيتىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، زور مىقداردا زامانىۋى قورال - ياراقلارنى سېتىۋالغاندىن سىرت يەنە قوراللىق كۈچلەرنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، باردى. ئۇ «خەلقنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قوراللىنىشى» نى، قوراللار خەلق تەرىپىدىن كونترول قىلىنىشنى، ھەربىي مونوپولىيىگە قارشى تۇرۇشنى تەكىتلىدى. ئۇ ئايال ئەسكەرلەر قۇرۇلۇشىغىمۇ ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. ھازىر ئايال ئەسكەرلەر ئومۇمىي ئەسكەرلەر سانىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگەللەيدۇ. كازافىنى مۇھاپىزەت قىلىدىغانلارنىڭمۇ كۆپ قىسمى ئايال ئەسكەرلەر.

كازافى پۈتكۈل ئەرەبلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى كۈچىنىڭ بېرىچە تەكىتلەپ كەلدى، ئۇ ئىسرائىلىيىنى ئەرەبلەرنىڭ بىرلىككە كېلىشىگە ئەڭ چوڭ توسالغۇ دەپ قاراپ، ئىسرائىلىيىنى دېڭىزغا غەرق قىلىۋېتىشنى تەكىتلىدى ھەمدە ئىسرائىلىيە بىلەن مۇرەسسە قىلىشقا، ھەر قانداق سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە قارشى تۇردى. 70 - يىللاردىن بۇيان، ئۇ كۆپ قېتىم مىسىر، سودان، سۈرىيە، تۇنىس قاتارلىق ئەرەب دۆلەتلىرى بىلەن بىرلىشىپ كېتىش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كەلدى. ئەمما بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئەمەلگە ئاشمىدى. لېكىن ئۇ تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ئۇسۇلنى ئۆزگەرتىپ، ئەرەبلەرنىڭ بىرلىككە كېلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بەل قويۇۋەتمەي تىرىشىپ كەلمەكتە.

كازافى تەقۋادار مۇسۇلمان بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرمۇش قائىدىسىگە قاتتىق ئەمەل قىلىدۇ، تاماكا چەكمەيدۇ، ھاراق ئىچمەيدۇ. ئۇ ئات مىنىشنى، ئەسكەرلەرچە تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشنى، دائىم قۇملۇق رايونلاردىكى چېدىرلارغا بېرىپ يالغۇز خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇشنى، چەتئەللىك مېھمانلارنى قوبۇل قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. كازافى گەپ - سۆزدە ناھايىتى ئوچۇق، كۆڭلىگە نېمە كەلسە شۇنى دەۋېرىدىغان ئادەم.(8)

## «كارامەت ياخشى بولدى، ئىسمىڭىز نېمە»

روسىيىلىك ئاتاقلىق كېسەللىكلەر مۇتەخەسسىسى پىروكوۋ (1810 — 1883) پارىژدىكى مەزگىلىدە، بىر كۈنى دەرس ئاڭلىماقچى بولۇپ، پارىژ تىببىي ئىنستىتۇتىغا كىرىدۇ، ئۇ يەردە ئۇنى تونۇيدىغان ھېچكىم يوق ئىدى. پروفېسسور بىر خىل يېڭى مۇرەككەپ ئوپېراتسىيىنى سۆزلەۋېتىپ: بۇ خىل ئوپېراتسىيىنى ئەڭ دەسلەپ روسىيىلىك مۇتەخەسسىس پىروكوۋ قىلغان دەپ تونۇشتۇرىدۇ. كېيىنچە پروفېسسور ئولتۇرغانلاردىن بىرەر ئادەمنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ بۇ خىل ئوپېراتسىيىنى قىلىپ بېقىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ھېچكىممۇ بۇ ئىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. شۇ ئارىدا پىروكوۋ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئوپېراتسىيە ئۈستىلىنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. ئۇ ئوپېراتسىيىنى قالتىس ئىشلەپ، كۆپچىلىكنى ھەيران قالدۇرىدۇ. پروفېسسور ئۇنى ماختاپ: «كارامەت ياخشى بولدى! ھەتتا پروكوۋمۇ سىزگە يېتىشەلمىگەن بولاتتى. ئىسمىڭىز نېمە؟» دەپ سورايدۇ. پروكوۋ «دېگەن مەن بولىمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ ئۇ (1)

## «كىتاب ئوقۇشۇمغا يول قويسىلا، ئەرز قىلمايمەن»

بىر قېتىم گوركى بىر خوجايىننىڭ ئۆيىدە يېللىقچى بولۇپ ئىشلەۋاتقان چېغىدا چىراق تۈۋىدە كىتاب ئوقۇشقا بېرىلىپ كېتىپ، مەش ئۈستىدىكى چەينەككە سۇ قۇيۇشنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويىدۇ. بۇ ئىش ئېسىگە كەلگەن چاغدا، چەينەك ئېرىپ كاردىن چىققان ئىدى. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان خوجايىن قولىغا بىر تاياقنى ئالىدۇ ــ دە، گوركىنىڭ دۈمبىسىگە ھە دەپ ئۇرغىلى تۇرىدۇ. تاياقنىڭ تىكەنلىرى ئۇنىڭ بەدىنىگە سانچىلىپ، دۈمبىسىنى ئىششىتىۋېتىدۇ.

ئەتىسى دوختۇر گوركىنىڭ دۈمبىسىدىن 42 تال تىكەن سۇغۇرۇپ ئالىدۇ.

ــ سەن سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىل، ــ دەيدۇ بۇ ئىشتىن نارازى بولغان دوختۇر گوركىغا.

ــ ئۇ مېنىڭ كىتاب ئوقۇشۇمغا يول قويسىلا، ئەرز قىلمايمەن، ــ دەيدۇ گوركى بېشىنى چايقاپ.

خوجايىن گوركىنىڭ سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلىشىدىن قورقۇپ، گوركىنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولىدۇ. (1)

## «مەن شان ــ شەرەپ ئۈچۈن ئىشلىگەن ئەمەس»

پەننىڭ زامان ئېلېكترو ماگنىت ئىلمىغا ئاساس سالغان ئالىم فارادېينىڭ نامى چىققاندىن كېيىن، دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر ئۇنىڭغا بەرگەن ھەر خىل ئىلمىي ئۇنىۋان 94 كە يەتكەن، يەنە كېلىپ نۇرغۇن مۇكاپات پۇللىرى بېرىلگەن، فارادېينىڭ بىر دوستى ئۇنىڭدىن: «سىز ئەشۇ شان ــ شەرەپلەرنى ياقتۇرامسىز؟» دەپ سورىغاندا، فارادېي: «ھەر قانداق كىشى شان ــ شەرەپنى قەدىرلىمەيمەن دەپ ئېيتالمايدۇ، بىراق مەن ئۇنىڭ قەدىر ــ قىممىتىنى ئېتىراپ قىلىمەن؛ مەن ئەزەلدىن ئەشۇ شان ــ شەرەپلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىگەن ئەمەسمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن. شۇڭا كىشىلەر ئۇنى ئىككى قېتىم ئەنگلىيە پادىشاھلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى بولۇشقا كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئۇ تەشەككۈر بىلدۈرۈپ رەت قىلغان. (1)

## «ئۇ مەن ئۈچۈن ئازاپ چېكىپ كېلىدۇ»

ئې ينىشتېيىن تۇغۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىـ
نى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن 1929 ـ يىـ
لى دۇنيادىكى نۇرغۇن گېزىتلەر ماقالىلەر
ئېلان قىلىدۇ، ئۇنىڭ پىراقىدىكى ئۆيىگىمۇ
نۇرغۇن تەبرىك تېلېگراممىلار ئەۋەتىلىدۇ.
لېكىن ئېينىشتېيىن ئۆزىـ
نىڭ تۇغۇلغان كۈـ
نى يېتىپ كېلىشتىن بىرنەچچە كۈن بۇرۇنلا
شەھەر سىرتىدىكى بىر تۇغقىنىنىڭ ئۆيىگە
بېرىپ يوشۇرۇنۇۋالىدۇ. 1955 ـ يىلى نۇرغۇن
دۆلەتلەر «تارمەنىدىكى ئىسىيلىك نەزەرىيىـ
سى» ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكىنىڭ 50 يىللىقىنى
خاتىرىلەش يىغىنىنى ئۇيۇشتۇرىدۇ ۋە ئېيـ
نىشتېيىنغا تەكلىپنامە ئەۋەتىدۇ. ئەمما، ئۇ
بۇ تەكلىپلەرنى رەت قىلىدۇ ۋە يىغىننى ئۇيـ
ۇشتۇرغۇچىلارنىڭ بىرىـ
گە: «مەن ئېيىملا بولـ
سا بولۇن، تەقدىرگە رەھمەت ئېيتىمەن؛
شەخسىيگەچوقۇنۇش بىلەن ئازراقلا ئالاقىدار
بولغان ھەر قانداق نەرسە مەن ئۈچۈن ھامان
ئازاپ ئېلىپ كېلىدۇ» دېگەن. (1)

## ئىبسېننىڭ ئەپچىل چارىسى

ف ورۋېگىيىلىك مەشھۇر يازغۇچى ئىبسېـ
نىڭ ئىشچىلار ھەرىكىتىگە يولباشـ
چىلىق قىلىدىغان ئاتىكارت ئىسىملىك بىر
يېقىن دوستى بار ئىدى. 1851 ـ يىلى 7 ـ
ئايدا ساقچىلار ئاتـ
كارتنى قولغا ئالىدۇ.
ئارقىدىنلا ئىبسېننىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ
كىرىپ، ئۆيىنى ئاقتۇرىدۇ. زېرەك ئىبسېن تايىـ
نى يوق ھۆججەتلەرنى ئېقىتۇۋېتىپ، مۇھىم
مەخپىي ھۆججەتلەرنى پول ئۈستىگە يېيىپ
قويىدۇ. ئۇ ئۆزىنى يوشۇرۇپ قويغان ھۆججەتـ
لەرنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەۋاتـ
قان قىلىپ كۆرسەتكەنىدى. ساقچىلار گۇمانـ
لىنىپ، پولدا چېچىلىپ ياتقان ھۆججەتلەرـ
گە قاراپمۇ قويماي،
ئادەتتىكى ھۆججەتلەرنى
ئېلىپ كېتىدۇ. مەغرۇرانە كېتىۋاتقان ساقچىـ
لارنىڭ كەينىدىن قارىسى يوقالغىچە قاراپ
تۇرغان ئىبسېننىڭ چىرايىدا غەلىبە تەبەسـ
سۇمى جىلۋە قىلىدۇ. (1)

## ئالقاناتنىڭ ئالىم بولۇشى

ئى سپانىيىلىك مېدىتسىنا ئالىمى سانتىـ
ياك كىچىك ۋاقتىدا ھەممىشە ئوقۇشتىن
قاچاتتى، دەرسىتىمۇ لاياقەتلىك ئەمەس ئىـ
دى. مەكتەپتىن ھەيدەلگەندىن كېيىن، ئۇ
بىر قىسىم ئادەتلەنگەن ئوغرىلار بىلەن تو-
نۇشۇپ، كۆن بويى شەھەر
كوچىلىرىدا لاغايلاپ
يۈرەتتى. ئاتا ـ ئانىسى ۋە قوشنا ـ قولۇمـ
لىرىمۇ ئۇنىڭدىن جاق تويغان ئىدى. رەھىمـ
سىز ئەمەلىيەت ئالدىدا، ئۇ يامانلىقتىن قول
ئۈزۈپ يېڭىچە ئادەم بولۇشقا بەل باغلايدۇ.
شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ ئەتىگەن تۇرۇپ، كەچ
ئۇخلاپ قېتىرقىنىپ كىتاب ئوقۇپ، تولۇق ئوتـ
تۇرا مەكتەپنى ئەلا دەرىجىدە پۈتتۈرۈپ،
ئۇنىۋېرسىتېتقا ئوقۇشقا كىرىدۇ، ئاخىرى
يەنە ئۇنىڭ قىلغان ئەجرى بىكارغا كەتمەيـ
دۇ، 25 يېشىدا ئۇ ئانا مەكتىپىدە ئالدىنقى
قاتاردىكى تىببىي پروـ
فېسسور بولۇپ چىقىـ
دۇ. ئىلمىي تەتقىقاتتا دادىللىق بىلەن يېڭىـ
لىق يارىتىپ، چوڭ مېڭىنىڭ ئوگۇشـ
لۇق ئوپېراتسىيە قىلىپ، نېرۋا ھۆججەيرىسى
ئىلمىنى ئىجاد قىلىدۇ. 1906 ـ يىلى ئۇ
نوبېل تىببىي مۇكاپاتىغا سازاۋەر بولىدۇ. (1)


ئىتتىپاقلىق داستانى
1. قەشقەر ۋىلايەتلىك يول ئاسراش ئورنىنىڭ قۇرۇلۇش ئەترىتىدىكى خەنزۇ ئىشچىلار، ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالغان ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى مۇزدىن قۇتقۇزۇۋېلىپ، كەڭ ئاممىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى.
2. 1986-يىل 5-ئاينىڭ 3-كۈنى، پەيزىۋات مەشا يېزىسىدىن ناھىيە بازىرىغا توي كۆچۈرۈشكە ماڭغان بىر قول تراكتورى پەيزىۋات دەرياسىنىڭ سۇ تەڭشەش زاكۇسىغا كەلگەندە، 14 ئادەم بىلەن بىرگە 15 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى قاينامغا چۈشۈپ كەتتى.
3. كىشىلەرنىڭ قىيا-چىيا ئاۋازى يېقىن يەردە ئىشلەۋاتقان قۇرۇلۇش ئەترىتىدىكى خەنزۇ ئىشچىلارنى چۆچۈتىۋەتتى. ئەترەت ئىتتىپاق شۇجىسى جىمى كېيىۋەن قاتارلىق بەش كىشى ئۇ ھامان دەريا بويىغا ئۇچقاندەك يېتىپ باردى.
4. ئۇلار تارقا-تارقىدىن سۇغا سەكرەيدۇ. بىراق دامبا تىك بولغاچقا تارتىپ چىقىرىش قىيىن بولىدۇ. سۇن شەينىڭ قاتارلىقلار ئۈستىدىن ئاغامچىنى پەسكە ساڭگىلىتىپ بېرىدۇ. ئۇلار ئالدى بىلەن سەككىز ئادەمنى قۇتقۇزۇۋالىدۇ.
5. ئارقىدىنلا ئون نەچچە نەپەر ئۇيغۇر ياشلىرىمۇ سۇغا سەكرەيدۇ. ئۇلار بىرلىكتە سۇ ئىچىدە قالغانلارنى ئىزدەيدۇ. ئاخىرى ئۈچ نەپەر بالىدىن باشقا 11 كىشىنىڭ ھاياتى قۇتقۇزۇپ قېلىنىدۇ.
6. ھاياتى قۇتقۇزۇۋېلىنغان كىشىلەر خۇشاللىق ياشلىرىنى تۆكۈپ تۇرۇپ: «بىزنى خەنزۇ قېرىنداشلىرىمىز قۇتقۇزۇۋالدى، مۇبادا ئۇلار كەلمىگەن بولسا ھەممىمىز ھايات قالمايتتۇق، ئۇلارنىڭ بۇ ياخشىلىقىنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇمايمىز» دېيىشتى. (4)
(تۇرسۇن ئىبراھىم)



# كاتىپ لى لىيۇرۇنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى

مەدەنىيەت ئىنقىلابى باشلانغاندىن كېيىن، ھەرقايسى گېزىت، رادىئولارنى جىياڭچىڭنىڭ سۆز - ئۇتۇقلىرى قاپلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن لى لىيۇرۇ ئايالىغا، ھەر قاچان يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ئەڭ يامان ئەھۋالغا ئىدىيە جەھەتتىن تەييارلىق قىلىپ قويۇشنى تاپىلايدۇ. يولداش لى لىيۇرۇنىڭ ئايالىنىڭ ئەسلىمىسىدە مۇنداق دېيىلگەن: يەنئەندىكى ۋاقىتتا، لى لىيۇرۇ ماۋجۇشىغا ئۇزۇن مۇددەت كاتىپ بولۇش جەريانىدا جىياڭچىڭنىڭ تولىمۇ ئۆكتەم ئىكەنلىكىنى، كىيىمنىڭ ھېچ ئۇتامى يوقلۇقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدۇ. خىزمەتچىلەر جىياڭچىڭدىن ئىنتايىن بىزار بولۇپ، ئۇنىڭغا غەزىپى كەلسىمۇ، لېكىن بۇنى ئېيتىشقا چىقىرالمايدۇ. لى لىيۇرۇ ماۋجۇشىنىڭ ئىناۋىتىنى قوغداش ئۈچۈن، قايتا-قايتا ئويلىنىش ئارقىلىق كۆپچىلىكنىڭ قەلبىدە ئۇزۇن مۇددەت بېسىلىپ ياتقان پىكىرنى ماۋجۇشىغا دوكلات قىلىپ، شۇ ئارقىلىق جىياڭچىڭنى دىققەت قىلىشقا، يامان تەسىر بېرىپ قويۇشتىن ساقلىنىشقا دەۋەت قىلىش قارارىغا كېلىدۇ. لېكىن يولداش لى لىيۇرۇ دەل مۇشۇ ھەقتە ماۋجۇشى بىلەن سۆزلىشىۋاتقان چاغدا جىياڭچىڭ كىرىپ قېلىپ بەزى گەپلەرنى ئاڭلاپ قالىدۇ-دە، چالۋاقاپ ئۆينى بېشىغا كىيىدۇ. 50-يىللارنىڭ باشلىرىدا، لى لىيۇرۇ ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋە پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى بولغان مەزگىلىدە، ئۇ تيەنئەنمېن مۇنبىرىدىكى دەم ئېلىش ئۆيىدە ماۋجۇشى بىلەن كۆرۈشۈپ قالىدۇ. ئۇ يەردە جىياڭچىڭمۇ بولۇپ، لى لىيۇرۇ ئۆتكەنكى ئىشلار ئۆتۈپ كەتتى، دەپ قاراپ ئۇنىڭدىن تىنچلىق سورايدۇ. جىياڭچىڭ ئۇنىڭ سالىمىغا پىسەنت قىلماي بويۇن تولغايدۇ. ماۋزېدۇڭ دەرھال گەپنى باشقا ياققا بۇراپ ئوڭغايسىز ۋەزىيەتنى ئوڭشىۋالىدۇ.

1967-يىلى كاڭ شېڭ خۇنەندىكى ئىسيانچىلار بىلەن بولغان بىر قېتىملىق ئۇچرىشىشتا ئاشكارا ھالدا: «لى لىيۇرۇ خائىن، پارتىيىگە قارشى ئۇنسۇر، ئۇنى تارتىپ چىقىرىش كېرەك» دەپ قۇترانقۇلۇق قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن 83 ياشلىق لى لىيۇرۇ ۋە ئۇنىڭ ئايالى كۈيلىنغا سۈرگۈن قىلىنىپ نازارەت ئاستىدا تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. لىن بياۋ ئۆلگەندىن كېيىن، لى لىيۇرۇ 1972 - يىلى بېيجىڭغا خۇشال ھالدا قايتىپ كېلىدۇ. ئەمما كىم بىلسۇن ئۇنى بېيجىڭ بېكىتىدە كۈتۈۋالغۇچىلار كۆزلىرىدىن مۈز يېغىپ تۇرىدىغان مەخسۇس نازارەتچىلەر بولىدۇ. ئۇ ئۇزۇن مەزگىل ھېچقانداق داۋالىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىغانلىقى ئۈچۈن كېسىلى يامانلىشىپ زەئىپلىشىپ كېتىدۇ. ئەمما كوللېكتىپ كېسەلخانىدىكى ۋاراڭ-چۇرۇڭدا دەم ئېلىشى قىيىنغا چۈشكەنلىكتىن، ئۆيىگە قايتىپ كېتىپ دەم ئېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئاخىرى ئۇنىڭ كېسەلى خەتەرلىك باسقۇچقا يېتىدۇ، ئەمما دوختۇرخانىغا بېرىش ئۈچۈن ھەتتا ماشىنىمۇ تاپالمايدۇ. ئايالى قول ھارۋىسىغا سېلىپ دوختۇرخانىغا ئاپىرىدۇ. جان ئۈزۈش ئالدىدا، لى لىيۇرۇ 40 يىلدىن بېرى قايغۇ ۋە خۇشاللىقتا بىللە بولۇپ كەلگەن ئايالىنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «ماۋجۇشى، جۇزۇڭلى پېشقەدەم يولداشلار......» دەپ پىچىرلايدۇ، روھى تولىمۇ ئازابلىنىدۇ. ئەڭ ئاخىرى ئىككى تامچە ياش تۆكۈپ جان ئۈزىدۇ. (8)

## قاتىل جىنايەتچىلەرنى ئۆزگەرتىش ئورنى

ياپونىيىنىڭ يەر كۆلىمى كىچىك، ئاپتو-موبىللىرى كۆپ بولغانلىقتىن قاتناش قائىدىسى ناھايىتى قاتتىق بەلگىلەنگەن. ماشىنا ھەيدىگۈچىلەر سۈرئەتنى ئۈچ قېتىم ئاشۇرۇۋەتسە تۆت ئايلىق قاماق جازاسى بېرى-لىدىكەن، ئېغىر ۋەقە تۇغدۇرغانلار تۇغرىلىق بولسا سۆزلەشنىڭمۇ ئېھتىياجى يوق. شۇ-ڭا توكيو شەھىرىنىڭ سىرتىغا مەخسۇس قات-ناش جىنايەتچىلىرىنى قامايدىغان ۋە ئۆزگەر-تىدىغان بىر تۈرمە ياسالغان، بۇ تۈرمىنىڭ ئىچىگە گۇناھىغا تۆۋە قىلىش تاختىسى ئور-نىتىلغان بولۇپ، جىنايەتچىلەر ھەر كۈنى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا يىغىلىپ گۇناھىغا تۆۋە قىلىش تاختىسىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇ-رۇپ، ئۇنىڭغا يېزىلغان: «مەن جىنايىتىمگە تۆۋە قىلىمەن ھەم جەمئىيەتتىن گۇناھىمنى تىلەيمەن» دەيدىغان قەسەمنامىنى تەكرار ئو-قۇيدىكەن. بىر باسقۇچلۇق كۆزىتىشتىن كېيىن، جىنايەتچىلەر ھەقىقەتەن «يار لېۋىدىن قايتسا» قويۇپ بېرىلىدىكەن. (1)

## قىزىقارلىق ئوقۇتۇش

ياپونىيىدىكى نۇرغۇن ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ مەكتەپكە قوبۇل قىلىش تو-رىسىدىكى ئۇقتۇرۇشلىرى ئۆزگىچە: «بەن ئۇنىۋېرسىتې-تېنىڭ ئۇقتۇرۇشى شېئىر بىلەن يېزىلىدۇ. ئەگەر «بەيچى تېغى ئۈستىدە ئويناپدۇ شوخ ئاق توشقان» دەپ يېزىلسا قوبۇل قىلىنغانلىقىنى، «بەيچى تېغى ئۈستىدە كۆركىرەيدۇ جۇت بوران» دەپ يېزىلسا قوبۇل قىلىنمىغانلىقىنى بىلدۈرىدىكەن. شىنخۇ ئۇنىۋېرسىتېتى قوبۇل قىلىنغانلارغا: «شامال، دولقۇن يوق، كېمە قىرغاققا يېقىنلاشسۇن» دەپ، قوبۇل قىلىنمىغانلارغا: «بوران كۈچلۈك، كېمە پورتقا كىرىشكە ئامالسىز» دەپ ئۇق-تۇرۇش ئەۋەتىدىكەن. (1)

## ئىسىم ئۆزگەرتىش

ۋېتنام شۆبىتسارىيىدە 200 ئەتراپىدا فامى-لە بولسىمۇ «ئىسىم ئاخىرى «سىن» بىلەن ئاياغلاشقانلار ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 40 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىكەن. شۇڭا ھۆكۈمەت تەرەپ ئىسىم فامىلىنى ئۆزگەرتىشنى تەشەببۇس قىلغان. ئىسىم فا-مىلىنى ئۆزگەرتكەنلەر ھۆ-كۈمەتنىڭ پۇلىغا ئىگە بول-غان. بۇنداق ئىسىم ئۆز-گەرتكەنلەر ھەر يىلى 5000 ئەتراپىدا بولغان. ھۆكۈمەت تەرەپ بەزىلەرنىڭ تەبىئىي نەرسىلەرنى ئۆزىگە ئىسىم قىلىپ ئىشلىتىشىگە قوشۇل-غان، ئەمما، شەھەر، پويىز ئىستانسىلىرىنىڭ نامىنى ئۆزىگە ئىسىم قىلىۋېلىشنى چەكلىگەن. (1)

## قايتا باش كۆتۈرۈش

تكەن يىلى مىيۇنخېن فېدىراتىپ ئارمىيىسى ئالىي مەكتىپىنىڭ بىر قې-تىملىق كەچكى كۆڭۈل ئې-چىش يىغىلىشىدا ناتسىستلار كىيىمى كىيگەن تۆت ئوقۇ-غۇچى بۇ يەرگە كەلگەن بارلىق كىشىلەرگە ئۆزلى-رىنىڭ «گىتلېرنىڭ ۋارى-سلىرى» ئىكەنلىكىنى جاكار-لىغان ھەمدە ناتسىستلارنىڭ ناخشىلىرىنى ئوقۇغان، فا-شىستلارچە سالام بەرگەن، «يەھۇدىلارنى كۆيدۈرۈش» ئويۇنىنى ئوينىغان. بۇ ئىش دەرھاللا باشقا مەكتەپلەرگە تارقالغان. مىنىستىر بۇ خەۋەر جەمئىيەتتە ئومۇمىي غەزەپ قوزغاپ قېلىشىدىن ئەنسى-رەپ دەرھاللا بۇ ئىشنى ئىنى-چىكە تەكشۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ھەمدە گېزىتتە باياناتى ئېلان قىلغان. (1)

## نيۇيورك شەھىرىدىكى «دول ھوسۇل» بانكىسى

مەلۇماتلارغا قارىغاندا، «بۇ دۇنيادىكى جەننەت» دەپ ئاتالغان ئامېرىكىدا 37 مىليونغا يېقىن ئادەم ئەخلەت ساندۇقلىرىغا تاشلىۋېتىلگەن يېمەكلىكلەرگە تايىنىپ جان باقىدىكەن. بەزى چوڭ رېستورانلار، دەرىجىدىن تاشقىرى بازارلار ھەر كۈنى ناھايىتى كۆپ مىقداردىكى ۋاقتى ئۆتكەن ۋە ئېشىپ قالغان يېمەكلىكلەرنى تاشلىۋېتىدىكەن. بۇ ھالنى كۆرگەن بەزىلەر بۇنىڭدىن تاپاۋەت قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئارقا - ئارقىدىن «يېمەكلىك بانكا»لىرىنى قۇرۇشقا باشلىغان. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى داڭلىقلىرىدىن بىرى نيۇ-يوركتىكى «دول ھوسۇل» بانكىسى ئىكەن. بۇ بانكا، بىر كۈندە 100 قاداق ئالما، كۆكتات، 200 تۇڭ پىشلاق، بىر نەچچە مىڭ قاداق قوي گۆشى ۋە توخۇ، ئۆردەكلەرنىڭ گۆشلىرىنى ۋە بولكىلارنى يىغىۋالىدىكەن. ھېچقانداق پۇل خەجلىمەيلا قولغا كىرگۈزگەن يېمەكلىكلەرنى ئەرزان باھادا سېتىپ ناھايىتى ياخشى بازار تاپىدىكەن. (1)

### خاتا چۈشىنىش

ئىسپانىيە خەلقئارالىق خەلق ئاۋىئاتسىيە ئايروپىلان گۇرۇپپىسىدىكى ئەر خىزمەتچىلەر يېقىندا دۆلەت ئەڭ ئالىي سوت مەھكىمىسىگە بىرلەشمە ئەرزنامە سۇنۇپ، قىزلارغا نەپىقە بېرىش تۈزۈمىگە نارازىلىق بىلدۈرگەن. چۈنكى نەپىقە بېرىش تۈزۈمىدە ئايروپىلاندا ئىشلىگەن ئايال خىزمەتچىلەر ئەر خىزمەتچىلەردىن يۇقىرىراق نەپىقە ئالىدىغانلىق بەلگىلەنگەنىكەن. ئەر خىزمەتچىلەر بولسا، ئۇنداق قىلىش دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا بەلگىلەنگەن ئەر - ئايالنىڭ ھوقۇقتا باراۋەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، دېگەن ماددىغا خىلاپ دەپ قارىغان. (1)

### توخۇ بېقىش

يېقىندا ياپونىيىلىك بىر شوپۇر قاتناش قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن 60 مىڭ يېن جەرىمانە قويۇلغان. ئۇ بۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇپ يۇقىرىغا ئەرز قىلغانلىقى ئۈچۈن 30 كۈنلۈك تۇتۇپ تۇرۇش جازاسى بېرىلگەن. بۇ ئادەمنىڭ 20 توخۇسى بولۇپ، ئۇ تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقاچقا توخۇلىرىغا قارايدىغان ئادەم يوق بولغانلىقتىن توخۇلىرى ئاچ قالغان. سوت مەھكىمىسى بۇ توخۇلارنىڭ ئۆلۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۆز تەۋەلىكىدىكى خادىملارنى ئۆۋەت بىلەن توخۇلارنى بېقىشقا بۇيرۇق قىلغان. دان-يەم پۇلىنى سوت مەھكىمىسى ئۆزلىرى چىقارغان. (1)

### ھېسابلاشلارغا قارىغاندا

ئالىملارنىڭ قارىشىچە، يەر شارىنىڭ قۇياشنى ئايلىنىپ يۈرۈش سۈرئىتى ئاساسەن ئۆزگەرمەيدىكەن. ئەمما يەر شارىنىڭ ئۆزىنىڭ ئايلىنىش سۈرئىتى نەملىك، ھۆللۈك تۈپەيلى ئاستىلايدىكەن. يۈز مىڭ يىلدا يەر شارىنىڭ ئۆزىنىڭ ئايلىنىش ۋاقتىغا 1.6 سېكونت قوشۇلىدىكەن. بۇنىڭ بىلەن ھەر كۈنلۈك ۋاقىت ئۇزۇنلۇقى ئېشىپ بېرىپ، يىلنىڭ كۈن سانى ئۇزۇنلۇقى ئازلاپ بارىدىكەن. ھېسابلاشلارغا قارىغاندا 200 مىليون يىلدىن كېيىن بىر يىل 300 كۈن، بىر كۈن 30 سائەت بولىدىكەن. (1)




# تەرتىپلىك تۇرمۇش ئۈنۈملۈك ئۆگىنىشنىڭ ئاساسى

غوپۇر زايىر

ئۆگىنىش پىلانى توغرىسىدا گەپ بولغاندا بەزى كىشىلەر ئۇنى قۇرۇق ئاۋارىچىلىق، رەسمىيەتچىلىك دەپ قارايدۇ. ھالبۇكى ئۆگىنىش ھەر بىر مەدەنىيەتلىك جەمئىيەت ئەزاسىنىڭ تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان بىر خىل مۇھىم تەركىب، پىلان بولمىغاندا مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدۇ. ھازىرقى زامان ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ھەر قانداق تارمىقىدا پىلان بولغىنىدەك پەن - تېخنىكىنى ئۆگىنىشتىمۇ پىلانىنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ، كۈنسايىن يېڭىلىنىۋاتقان تېخنىكا بىلىملىرى ئىچىدىن ھەر كىم ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىغا يارىشا نىشان تاللاپ مەزمۇن بەلگىلەش، ئاشۇ مەزمۇنلارنى مەلۇم تەرتىپ بويىچە ئاساندىن قىيىنغا، تېيىزلىقتىن چوڭقۇرلۇققا قاراپ بىر - بىرلەپ ئۆگىنىش ئۈچۈن پىلان بولۇشى كېرەك. ئەستايىدىل ئىشلەپ چىقىلغان پىلان بولمىغاندا زېھىن كۈچىمىز ھەر تەرەپكە چېچىلىپ كېتىپ، بىلىم جەۋھەرلىرى خەزىنىسىدە قايسىنى ئېلىپ، قايسىنى قويۇشنى بىلمەي ھەممىگە تەڭ ئېسىلىپ، بىرسىگىمۇ ئىگە بولالمايدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ. كۈندىلىك ئۆگىنىش ۋاقتىمىز ئېنىق پىلانلانمىسا، كونترول قىلىنمىسا، ئاي-كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بىزنى پۇشايماننى ئالدىغان قاچا تاپالمايدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ. دېمەك پىلان بولغاندىلا ۋاقتى، زېھنىي كۈچى مۇۋاپىق ئىشلىتىلىپ، ئۆگىنىش ئۈنۈمىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. شۇڭا ئۆگىنىش پىلانى تۈزۈش قانداقتۇر «قۇرۇق ئاۋارىچىلىق» ئەمەس.

ئۆگىنىش ئۈچۈن ئۆگىنىدىغان ئادەملەر قەبىلىكى ئۆگىنىشنى ناھايىتى زېرىكەرلىك ئىش دەپ ھېس قىلىدۇ. ئۇلار قىزىقارلىق كىنو، تېلېۋىزور كۆرۈشنىمۇ ئۆگىنىش دەۋالىدۇ دېمىسىمۇ بۇ تىل - ئەدەبىيات، ماتېماتىكا دەرسلىرىنى ئۆگەنگەنگە قارىغاندا قىزىقارلىق، لېكىن بۇنىڭ كەسىپ ئىگىسى بولۇشىمىزغا مۇناسىۋىتى يوق. بارلىق ئۆگىنىشنىڭ ئەھمىيىتى ئىشلىتىشتە، بۇ يەردىكى ئىشلىتىش ماددىي دۇنيانى، روھىي دۇنيانى ئۆزگەرتىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا ئۆگىنىش جەريانىدا ئۆگىنىشنىڭ مەقسىتى ۋە نىشانىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەك. ئەگەردە كىمدە - كىم ئۆزىنىڭ ئۆگىنىشىنى كەلگۈسىدىكى مەقسەت - نىشان بىلەن بىرلەشتۈرەلىسە، ئۇنىڭدا ئۆگىنىش ئارزۇسى تۇغۇلىدۇ، قىزىقىش پەيدا بولىدۇ، دېمەك ئۇلۇغ غايىدىن ئۇلۇغ كۈچ پەيدا بولىدۇ.

پىلان تۈزگەندە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ تۈزۈش كېرەك. بەزىلەر پىلان تۈزگەندە، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلمايدۇ. نەتىجىدە پىلان بولغان بىلەنمۇ ئىجرا قىلغىلى بولمايدۇ. روھىي جەھەتتىن خاتىرجەمسىزلىك ۋە ئۆزىنى كەمسىتىش ھېسسىياتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا پىلان تۈزگەندە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، ئىمكانىيەت قالدۇرۇپ تۈزۈشىمىز، بىر پۈتۈن تۇرمۇشنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى نەزەردە تۇتۇشىمىز لازىم. ئۆگىنىش ۋاقتى بىر كۈنلۈك تۇرمۇش ۋاقتىنىڭ بىر قىسمى. قالغان پائالىيەتلەر ياخشى بولسۇن، يامان بولسۇن ئۆگىنىشكە تەسىر قىلىدۇ. شۇڭا ئۆگىنىش ۋاقتىنىڭ بىر كۈنلۈك تۇرمۇشتىكى قانداق ئورۇننى ئىگىلەيدىغانلىقىنى باشقا ھەر خىل پائالىيەتلەر بىلەن ماسلاشقان - ماسلاشمىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇش كېرەك. قىسقىسى تەرتىپلىك تۇرمۇش — ئۈنۈملۈك ئۆگىنىشنىڭ ئاساسى. (1)



# ئورنى كىم كولىسا شۇ چۈشىدۇ

مەھەممەد يۇسۇپ

مەلۇم شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى ئون نەچچە پارچە «پاش قىلىش خېتى» تاپشۇرۇۋالدۇ. گەرچە خەت ئەۋەتكەن ئورۇنلار ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئەمما «پاش قىلىنغان» مەسىلە بىردەك بولۇپ، خەتلەرنىڭ ھەممىسىدە مەلۇم ئىدارىنىڭ خىزمەتچىسى ياش قىز ئىقبالەمنىڭ ئىقتىسادىي جىنايەتچىلەر گۇرۇھىغا قاتناشقانلىقى، ھەممىشە ئۇلارنىڭ زاك ماللىرىنى ئۆز ئۆيىدە ساقلاپ بېرىدىغانلىقى يېزىلغان ئىدى. ئەھۋالغا ئاساسەن جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى بۇ دېلونى بىر تەرەپ قىلىشنى قارار قىلدۇ. ئۇلار ھەر تەرەپلىمە رازۋېتكا ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئىقبالەمدە ھېچقانداق گۇمانلىق بىر نەرسە سېزىلمەيدۇ. ئۇ ھەر كۈنى ئادەتتىكىدەكلا ئىشقا بېرىپ-كېلىپ يۈرۈيدۇ. باشقا ئادەملەر بىلەنمۇ يەككە - يېگانە كۆرۈشمەيدۇ. «گۇرۇھ» دېگەننىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ. ئۇنداق بولسا ئارقا - ئارقىدىن شۇنچە كۆپ «پاش قىلىش خېتى» يازغۇچى كىم؟ ئۇنىڭ مەقسىتى نېمە؟ رازۋېتچىكلار پۇچۇركىنى تەكشۈرۈش ۋە ئىقبالەم بىلەن كۆپ قېتىملىق سۆزلىشىش ئارقىلىق ئاخىرى خەت يازغۇچىنى تېپىپ چىقىدۇ. ئۇ مەلۇم زاۋۇتنىڭ ياش ئىشچىسى ئاسىم بولۇپ، ھەيۋەتلىك سوت مەيدانىدا ئۆزىنىڭ خەت يېزىش ئارقىلىق ئىقبالەمگە تۆھمەت قىلغانلىق جىنايىتىنى ئىقرار قىلدۇ.

ئەسلى ئاسىم ئىقبالەم بىلەن بىر مەھەللىلىك بولۇپ ئۆز ئارا تونۇشىدۇ. ئىقبالەم بوي - تۇرقى كېلىشكەن، خۇشچاقچاق، چىرايلىق بولغاچقا، ئاسىم ئىقبالەمنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ. ھەممىشە ئۇنىڭ كەينىگە كىرىۋالىدۇ. ئىقبالەم ئۇنىڭ نىيىتىنى بىلگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئېنىق قىلىپ: «بىزنىڭ ئارىمىزدا يولداشلارچە دوستلۇق مۇناسىۋىتىدىن باشقىچە مۇناسىۋەتنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس» دەيدۇ. بىراق ئاسىم نىيىتىدىن يانمايدۇ. ئۇ چىرايلىق قىزنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن جىق يول ماڭىدۇ. ئاخىرى ئىقبالەم: «مېنىڭ سۆيگۈنۈم بار، ئۆزىڭىزنى بىلىڭ» دەپ ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئاسىمنىڭ كاللىسى قىزىپ قېلىپ: «توختاپ تۇر، سېنىڭ خاتىرجەم ياشىشىڭنى كۆرەي» دەيدۇ-دە، يالغاندىن تۆھمەت چاپلاش ئارقىلىق ئىقبالەمنى تۈرمىگە سولىۋەتمەكچى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاسىم ئارقىمۇئارقا «پاش قىلىش خېتى» يېزىپ جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىگە ئەۋەتىدۇ. قۇۋلۇق - شۇملۇقنى ئىشقا سېلىپ خەتنى ھەرخىل شەكىلدە يازىدۇ. خەتنىمۇ، پوچتىخانىنىمۇ ئالماشتۇرۇپ سالىدۇ. ئەمما، خەلق ساقچىلىرى بىرەر ياخشى ئادەمگە ئۇۋال قىلمايدۇ، بىرەر بۇزۇقنى قاچۇرۇپ قويمايدۇ. ئۆزىنى ئەقىللىق چاغلىغان ئاسىم ئاخىرى خەلق سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن تۆھمەتخورلۇق جىنايىتى بىلەن بىر يىللىق مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ.(1)

## دېڭىز ئۈستىگە شەھەر سېلىش

ياپونىيە ئالىملىرىنىڭ مۆلچەرلىشىچە، 21 ـ ئەسىردە، ياپونىيە دېڭىز ساھىلىدىكى تىنچ ئوكيان ئۈستىگە دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ بىخەتەر ۋە ئىشەنچلىك سۈنئىي ئارال، يەنى لەيلىمە شەھەر ياسىلىدىكەن. بۇ شەھەرنىڭ يەر مەيدانى 25 كۋادرات كىلومېتر بولۇپ، ئۇنىڭ پۈتۈپ چىقىشىغا 15 يىلدىن 18 يىلغىچە ۋاقىت، 125 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى كېتىدىكەن. بۇ لەيلىمە شەھەردە 500 مىڭدىن بىر مىليونغىچە كىشى تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن ۋە خىزمەت قىلىدىكەن. شەھەرنىڭ بىر چېتىگە تېز سۈرئەتلىك ئايروپىلان ئۇچالايدىغان ۋە قونالايدىغان چوڭ تىپتىكى خەلقئارالىق ئايرودروم ياسىلىدىكەن. ئايرودرومنىڭ ئاستىغا مېھمانخانا ۋە ئالىي دەرىجىلىك سارايلار قۇرۇلىدىكەن. پىرىستاندىكى ئېلېكتىرونلۇق ماشىنا ـ پويىزلار شەھەرنىڭ ھەممە يېرىنى تۇتاشتۇرىدىكەن. (8)

## كىشىلەر رەڭگىنى بىرخىللاشتۇرۇش

ئامېرىكا ئىرسىيەت تەتقىقاتى مۇتەخەسسىسىنىڭ ئېيتىشىچە، كەلگۈسىدە ئەگەر بالا بەك پاكار تۇغۇلۇپ قېلىش ئېھتىمالى بولۇپ قالسا، تۇخۇم ۋە ئۇرۇقتىكى ئىرسىيەت ئامىللىرىنى كونترول قىلىش ئارقىلىق، بالىنىڭ بويى ئېگىز تۇغۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدىكەن. كەلگۈسىدە يەنە ئىرسىيەت قۇرۇلۇشى ئارقىلىق ئىرسىيەت ئامىللىرىنى ئۆزگەرتىپ، دۇنيادىكى قىزىل، سېرىق، قوڭۇر، ئاق، قارا قاتارلىق ئوخشاش بولمىغان رەڭلىك كىشىلەرنى بىر خىل رەڭلىك كىشىلەرگە ئۆزگەرتكىلى بولىدىكەن.

ئىنسانلار ئىلىم ـ پەننىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئەڭ ئاخىرى ئۆزلىرىگە كېلىۋاتقان تەھدىتتىن قۇتۇلۇپ ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى ساغلاملىقىغا قايتالايدىكەن. ھازىر چوڭ تىپتىكى ئۆي ھايۋانلىرىنى ئۆزگەرتىش ئۈستىدە تەجرىبە ئېلىپ بېرىلماقتا. (8)

## ئۆسۈملۈك تەتقىقاتىدىكى يېڭىلىق

ئالىملار ئۆسۈملۈك ھورمونلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئارقىلىق گىلاسنىڭ يىللىق مەھسۇلاتىنى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 20 ھەسسە ئاشۇرغان. يەنە بىر تەجرىبىدە، ئادەتتىكى ئەھۋال ئاستىدا 70 يىلدا ئۇرۇقلايدىغان كاۋۇچۇك دەرىخى، ھورمون ئىشلىتىش ئارقىلىق ئىككى يىلدا مېۋىگە كىرگۈزۈلگەن. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىنسانلار ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ھاياتىي پائالىيىتىگە ئەنە شۇنداق زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەن. ھورمون ساھەسىنىڭ تەرەققىياتى ۋە قوللىنىلىشى، ئىنسانىيەت ئۈچۈن يېڭى بىر سەھىپە ئاچتى. ئىنسانلار جانلىقلارنىڭ ئۆسۈش باسقۇچلىرىنىڭ كونترول قىلىنىشىغا تولىمۇ مۇھتاج. پات ئارىدا كىشىلەر ھەر قانداق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش ۋاقتىغا قارىتا ئۈنۈملۈك ھالدا تەڭشەش ئېلىپ بارالايدىكەن. شۇنىڭ بىلەن يېزا ئىگىلىك زىرائەتلىرىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى زور دەرىجىدە ئۆسىدىكەن. (8)



# پېرىسلاۋىلدىكى كۆك ياقۇتنىڭ ئاجايىپ سەرگۈزەشتىسى

موسكۋاغا ئانچە يىراق بولمىغان قەدىمكى قەلئە پېرىسلاۋىل هازىر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كىشىلەرنى ئۆزىگە ئەڭ مەپتۇن قىلىدىغان ساياهەت شەهەرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى، مۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، بۇ شەهەر ئەتراپىدىكى پېرىسلاۋىل كۆلى بويىدا تۇرۇۋاتقان ئۇزۇنلۇقى ئۈچ مېتىر، كەڭلىكى ئىككى يېرىم مېتىر، قېلىنلىقى 60 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى 12 توننا كېلىدىغان كۆك ياقۇت بىلەن باغلىنىشلىق. بۇ كۆك ياقۇتنىڭ ئاجايىپ تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرى كىشىلەرنى تولىمۇ هەيران قالدۇرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇنداق تاشتىن دۇنيادا مۇشۇ بىرسىلا بولۇپ قەدىمكىلەر ئۇنى «كۆك ياقۇت» دەپ ئاتاشقان.

بۇ ياقۇت تاش 400 يىلدىن بۇيان نەچچە قېتىم بالايى - قازاغا ئۇچراپ نەچچە قېتىم خەۋپتىن قۇتۇلۇپ قالغان. بۇ تاش هەققىدە خىلمۇخىل رىۋايەتلەر توقۇلۇپ، ئۇنىڭغا قاتمۇقات سىرلىق تون كىيگۈزگەچكە كىشىلەر ئارىسىدا ناهايىتى سىرلىق نەرسىگە ئايلانغان. بەزىلەر ئۇنى ماڭالايدۇ، ئۇچالايدۇ، چەكسىز سېهرى كۈچى بار-دېيىشسە، يەنە بەزىلەر ئۇنى ماختاپ «ئەۋلىيا تاش» دەپ ئاتىغان. خىرىستىيان دىنىدىكىلەر ئۇنى هاقارەتلەپ «ئالۋاستى تاش» دەپ ئاتاشقان.

يازما خاتىرىلەرگە قارىغاندا كۆك ياقۇتنىڭ بۇ يەرگە يۆتكىلىپ كەلگىنىگە 150 يىل بولغان. ئىلگىرى ئۇنىڭ ئورنى پېرىسلاۋىل كۆلىدىن سەل يىراقتىكى ئېگىزلىكتە بولغان. ئەينى چاغلاردا بۇ يەردە ئولتۇرۇشلۇق مېرىيانلىقلار كۆپ دىنلىق مىللەت بولغاچقا، ئۇلار بۇ تاشنى ئىلاهلاشتۇرۇپ ئۇنىڭغا چوقۇنغان. 11-ئەسىرگە كەلگەندە سىلاۋىيانلار مېرىيانلارنى قوغلىۋېتىپ بۇ يەردە پېرىسلاۋىل شەهىرىنى بەرپا قىلغان. ئەمما دەۋر قانداقلا ئۆزگەرمىسۇن خەلقنىڭ بۇ كۆك ياقۇتقا بولغان چوقۇنۇش هېسسىياتى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋام قىلىپ كەلگەن. سىلاۋىيانلار بۇ مۇقەددەس تاشقا ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ دۇئا تىلاۋەت قىلىپ تۇرغان، ئەۋلىيا تاشنى چۆرىدەپ ئەسەبىلەرچە سەكرەپ ئۇسسۇل ئويناپ، ئەۋلىيا تاشتىن بەخت - سائادەت تىلىگەن. خىرىستىيان دىنىي تەرەپدارلىرى كىشىلەرنىڭ بۇ تاشقا شۇنچىۋالا چوقۇنۇپ ئۈزۈلمەي تاۋاپ قىلىپ تۇرغانلىقىغا هەسەت قىلىپ، بۇنى تەڭرىگە داغ تەككۈزگەنلىك دەپ قاراپ، 17-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇ تاشنىڭ بىر تەرىپىگە يوغان ئورا كولاپ، تاشنى ئىتتىرىپ چۈشۈرۈپ، توپا-تاشلار بىلەن كۆمىۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئەمدى بۇ تاش مەڭگۈ قەد كۆتۈرەلمەيدۇ. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كىشىلەر خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولىدۇ دەپ قارىغان. بىراق ئىش ئويلىمىغان يەردىن چىققان، يەنى شۇ تاشقا ئورا كولىغان ئادەم ئۇزۇن ئۆتمەيلا غەلىتە بىر خىل كېسەللىككە گىرىپتار بولۇپ، قالايمىقان جۆيلۈپ جېنىدىن ئايرىلغان. ئەكسىچە تاش يەر ئاستىدا ئانچە ئۇزۇن تۇرمايلا يەر يۈزىگە قايتىدىن چىقىپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن ياقۇت تاش هەققىدىكى رىۋايەت تېخىمۇ كۆپ كىشىلەر ئارىسىغا تارالغان. گەرچە خىرىستىيان دىنىدىكىلەر مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، ئۇلار كۆڭلىدە ئۆچمەنلىك ساقلاپ، پۇرسەت تېپىپ بۇ ئەۋلىيا تاشتىن

ئېخىمۇ زور ئۆچ ئېلىشنى مەخپىي پىلانلىغان. ئۇلار بۇ «ئالۋاستى تاش» نى دوخوۋسكى ئىبادەتخانا بىناسىغا ئۇل تاش قىلىپ بېسىشنى قارار قىلغان. 1788- يىلى قىشتا، ئادەملەر تاشنى قىرغاقتا ئىتتىرىپ ئاپىرىپ ئاتلار قوشۇلغان چوڭ چانىغا سېلىپ يېڭى ئورۇنغا كۆچۈرمەكچى بولغان. ئەمما ئۇنى ئېلىپ پېرىسلاۋىل كۆلىدىكى مۇز ئۈستىگە كەلگەندە، مۇز يېرىلىپ كېتىپ ئات، ئادەم ۋە ھەممە نەرسىلەر بىراقلا 14 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى سۇغا چۆكۈپ كەتكەن.

دىن دائىرىلىرىنىڭ ئەمگىكى بىكارغا كەتكەن بولسىمۇ، بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇش بولۇپ، «ئالۋاستى تاش» مەڭگۈ كۆل تېگىدە تۇرىدۇ دەپ ئويلاشقان.

بىراق 1840- يىلى يەنى 56 يىل ئۆتكەندىن كېيىن كۆك ياقۇت تاش ئاجايىپ مۆجىزە خاراكتېرلىك ھالدا كۆلنىڭ شەرقىي شىمالىي قىرغىقىدا قايتا پەيدا بولغان. ئەينى ۋاقىتتا تاشنى يۆتكىگەندە ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگۈچىلەر بۇنىڭ ھېلىقى كۆلگە چۆكۈپ كەتكەن كۆك ياقۇت تاشنىڭ دەل ئۆزى ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ كۆك ياقۇت توغرىسىدىكى رىۋايەت تېخىمۇ سىرلىق ۋە ھەيران قالارلىق تۈس ئالغان.

ئۇنداق بولسا بۇ كۆك ياقۇت قەيەردىن كېلىپ قالغان؟ ئۇ كۆمۈۋېتىلگەن تۇرۇقلۇق يەنە قانداق قىلىپ يەر يۈزىگە چىقىپ قالدى. قانداق نەرسە ئۇنى قىرغاققا ئېلىپ چىقتى. راستىنلا رىۋايەتتە ئېيتىلغىنىدەك ماڭالايدىغان، ئۇچالايدىغان، چەكسىز سېھرى كۈچى بارمۇ؟ ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى ئاخىرى بىر كۈن كۆك ياقۇتنىڭ قاتمۇ قات مەخپىيىتىنى ئېچىپ تاشلىغۇسى.(1)(ھ.قاسىم تەرجىمىسى)

## ئاجايىپ ۋەقە

كىشىلەر ۋەھشى ھايۋانلارنىڭ ئادەمگە خىرىس قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، لېكىن قۇشلارنىڭ ئادەمنى بۇلاپ كەتكەنلىكىدەك خەۋەرنى ئاڭلىمىغان بولۇشى مۇمكىن. بىراق قۇشلارنىڭ ئادەمنى بۇلاپ قېچىشىدەك ۋەقە راستىنلا يۈز بەرگەن.

1956- يىلى 4- ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى چىرىيە ناھىيە بوستان يېزىسى قولتۇق مەھەللىسىدىكى ھاشىم ئاخۇن ئىسىملىك بىر دېھقاننىڭ سەككىز ياشلىق قىزى چىڭقى چۈش ۋاقتىدا يالىڭاچ ھالدا ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى كۈنگەيگە چىقىپ ئويناپ ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قالىدۇ. تۇساتتىن ئاسماندا بىر بۈركۈتنىڭ ئۇچۇپ كېلىۋاتقان قارىسى كۆرۈنىدۇ. بۈركۈت دەل ھېلىقى قىزنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە تىك شۇڭغۇپ چۈشۈپ قىزنى قاماللاپ كۆتۈرۈپلا ئۇچۇپ كېتىدۇ. قىز دەھشەتلىك چىرقىراشقا باشلايدۇ. ئەتراپتىمۇ قىيا - چىيا كۆتۈرۈلىدۇ. دېھقانلار دەرھال بۈركۈت ئۇچقان تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈشىدۇ. بۈركۈت بارغانسېرى ئېگىزلەپ كېتىدۇ. 20 نەچچە قاۋۇل ياش ئاتقا مىنىپ بۈركۈتنىڭ كەينىدىن قوغلايدۇ. بىراق قولتۇق مەھەللىسى تاغ باغرىغا جايلاشقان بولغاچقا بۈركۈت تاغ قاپتىلىدىكى بىر چوققىغا قونىدۇ. تۆت كىشى دەرھال ئاتلارنى تاشلاپ تاغقا يامىشىدۇ. بىراق ئۇلار ئېگىزلىگەنسېرى بۈركۈت قىزنى قاماللاپ تاغنىڭ كەينى تەرىپىگە ئۇچۇپ كېتىدۇ. ئۇلار قىزنىڭ چىرقىراپ يىغلىغان ئاۋازىنى ئېنىق ئاڭلايدۇ. بىراق بۈركۈتنى كۆرەلمەيدۇ. ئۇلار نائىلاج قايتىپ چۈشۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. بۇ ئېچىنىشلىق خەۋەر تا ھازىرغىچە كىشىلەرنىڭ يۈرىكىنى ئېزىپ ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرمەكتە. (1)

(مەتتۇرسۇن ھەسەن)



# باش كىيىم ھەققىدە قىزىقارلىق پاراڭ

دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كىشىلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى ئوخشاش بولمىغاچقا، باش كىيىمنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنىمۇ ئوخشاش ئەمەس. شۇنداقلا باش كىيىم ھەققىدە ھەر خىل قىزىق ئىشلارمۇ بار.

ياۋروپادىكى بەزى دۆلەتلەردە، باش كىيىم كىيگەن ئەرلەر دوست ئاغىنىلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالسا باش كىيىمنى سەل- پەل كۆتۈرۈپ بېشىنى لىڭشىتىپ سالاملىشىدۇ، دوستلۇقنى ۋە ھۆرمىتىنى بىلدۈرىدۇ. لېكىن ئىتالىيىنىڭ گېنېنو رايونىدىكى كىشىلەر ئەل ئاغىنىلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا باش كىيىمنى چۆكۈرۈپ ھۆرمەت بىلدۈرۈشىدۇ. چۈنكى ھۆرمەتكە لايىق كىشىلەرگە تىكىلىپ قاراشقا بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ.

باش كىيىمنىڭ رەڭگى كىشىلەرنىڭ كەسپىي ياكى سالاھىيىتىنى بەلگىلەيدۇ: ياپونىيىنىڭ ھەر قايسى چوڭ شەھەرلىرىدىكى ھامماللار يولۇچىلارنىڭ پەرق ئېتەلىشى ئۈچۈن قىزىل باش كىيىم كىيىدۇ. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئوچۇق سېرىق رەڭلىك شىلەپە كىيىدۇ، ئۇلار يولدىن ئۆتكەندە، شوپۇرلار ئۇلارنى ئاسانلا پەرق ئېتەلەيدۇ ۋە سۈرئەتنى ئاستىلىتىپ بالىلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ.

باش كىيىمنى قانداق كىيىش كىشىلەرنىڭ كەچۈرمىشى ۋە ھال ئەھۋالىدىن بېشارەت بېرىدۇ. بىرازىلىيىنىڭ نامەتىس دېگەن يېرىدە قىزلار باش كىيىمنى ئوڭغا قىيلاپ كىيسە ياتلىق قىلىنغانلىقىنى، سول تەرەپكە قىيلاپ كىيسە ياتلىق قىلىنمىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. پېشانىسىغا باستۇرۇپ كىيسە، ئۇنىڭ بەختى قاچقان ئايال ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر كۇبانىڭ سانتىيىنا رايونىدىكى كىشىلەر ئۇرۇق- تۇققانلىرى ۋاپات بولسا قارىلىق ئۈچۈنلا باش كىيىم كىيىدۇ، مېكسىكىنىڭ جەنۇبىدىكى يولى جىلغىسى ئەترابىدىكى ئاھالىلەر ئارىسىدا ئۆيگە كىرگەن كىشى باش كىيىمنى ئېلىۋەتسە، ئەتەي چاتاق چىقىرىپ، ئۆچ ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، ھىندونېزىيىدىكى شۇنتا مىللىتىنىڭ دوختۇرلىرى بىر كىشىنىڭ كېسىلىنى ساقايتسا، باش كىيىمگە بىر چىرايلىق پەي قىستۇرۇۋالىدۇ؛ بۇ پەيلەر رەڭگا - رەڭ بولۇپ، قانچە كۆپ بولسا، بۇ دوختۇرنىڭ تېخنىكىسىنىڭ شۇنچە ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. پېرونىڭ كېتتىباس رايونىدىكى يېزا مەكتەپلىرىدە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا بەرگەن دەرسىنى باش كىيىم بىلەن ھېسابلايدۇ. ئوقۇتقۇچىنىڭ باش كىيىمى قانچە قېلىن بولسا ئۇ شۇنچە بىلىملىك ھېسابلىنىدۇ.

تېخىمۇ قىزىقى شۇكى، ئەنگلىيە پارلامېنتىدا، پارلامېنت يىغىنىغا باش كىيىم كىيىپ كىرمەسلىك، پىكىر بايان قىلغۇچىلار مەلۇم ئېغىزلىقتىكى مەخسۇس تەييارلانغان باش كىيىمنى كىيىپ ئاندىن سۆزلەش كېرەك، دېگەن بەلگىلىمە بار. كىم سۆزلىمەكچى بولسا، باش كىيىمنى شۇ كىيىدۇ. سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن باشقىلارغا بېرىدۇ، مۇنازىرە قىزىپ كەتكەندە، بۇ باش كىيىم مۇسابىقە مەيدانىدىكى توپقا ئوخشاش تالاش تارتىشتا قالىدۇ. ھەممىسى باش كىيىمنى بۇلىشىدۇ. (1)



# ئىككى پارچە خەت



(نەسر)

ئۆرى مەھەممەد توختى

ئۈچۈپ كەتكەن باچكۇلىرىنى قايتا كۆرگەندە، قۇشلارنىڭ قەلبىدە ئىپتىخارلىق تۇيغۇلىرى ئويغىنامدۇ ـ يوق؟ بۇ ماڭا مەلۇم ئەمەس. لېكىن مەن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، جەمئىيەتنىڭ تەرەپ ـ تەرەپلىرىگە كەتكەن ئوقۇغۇچىلىرىمنى قايتا كۆرگىنىمدە ياكى ئۇلارنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالغىنىمدا، يۈرىكىمدە ھاياجان گۈلخانلىرىنىڭ لاۋۇلداپ يانغانلىقىنى سېزىمەن. غۇرۇر ۋە ئىپتىخارنىڭ مەيىن شامىلى قەلب گۈللىرىمنى يېنىككىنە يەلپۈپ ئۆتكەندەك، ئۇززۇن يىللىق ئەقلىي ئەمگەك بىلەن چارچىغان نېرۋىلىرىم سەگىگەندەك تۇيۇلىدۇ.

سىزنىڭ خېتىڭىزنى تاپشۇرۇپ ئالغان ۋاقتىمدىمۇ، ئەنە شۇ راھەت بېغىشلىغۇچى تۇيغۇلار، مېنى ئۆزىنىڭ ئارامبەخش قۇچىقىدا يەتكۈچە ئەللەيلەتتى. ئۇنتۇماي خەت يازغانلىقىڭىز، مېنى غۇرۇر ۋە ئىپتىخارنىڭ ئابى ھاۋالىق كۆلچىكىدە چۆمۈلدۈرگەنلىكىڭىز ئۈچۈن كۆپ رەھمەت.

سىز خېتىڭىزدە: «ئۆزلىرىگە مەلۇم، مەن ئەنە شۇ يىراق چەت رايونغا تەقسىم قىلىنغان چېغىمدا تولىمۇ كەيپسىزلەنگەن ئىدىم. ئۆزەمنى يەكلەنگەندەك، ھەتتا سۈرگۈن قىلىنغاندەك ھېس قىلىپ، كۆڭلۈم بەكمۇ بىئارام بولغان ئىدى. مەن ئۇ چاغدا، ئۆزەمنىڭ ئەشۇ گۈل ـ گۈلۈستانلىق يېزا ئاسمىنىدا يىگانە چولپانغا، ھەممىنىڭ دىققەت مەركىزىدىكى نۇرلۇق مەرۋايىتقا ئايلىنىدىغانلىقىمنى ئويلاپمۇ كۆرمىگەن ئىكەنمەن ـ مەن ھازىر ھەممە كىشىنىڭ ئىززىتىگە سازاۋەر بولغان ھۆرمەتلىك ئادەمگە ئايلىنىپ قالدىم. قېرىلار مېنى «بىزنىڭ ئىپتىخارىمىز» دەپ تىلغا ئالىدۇ. رەھبەرلەر بولسا، «مەسلىھەتچىمىز»، «يول كۆرسەتكۈچى چىرىغىمىز» دەپ تەرىپلەيدۇ. تەڭ تۇشلىرىم ھەۋەس بىلەن قارىشىدۇ. گۈزەل قىزلار بولسا ئۈمىد بىلەن بېقىشىدۇ . . . نېمە ئۈچۈن؟ مەن كېلىشتىن ئىلگىرى بۇ يىراق چەت بوستانلىقتا بىرمۇ ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەن كىشى يوق ئىكەن، مەن بۇ يەرگە ئالىي مەلۇماتنىڭ ھىدىنى ئېلىپ كەپتىمەن. بىلىم مەرىپەتكە تەشنا دىللارغا ئۈمىد بولۇغىنىڭ زەمزەم ئېقىنى يېتىپ كېلىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىۋېتىمەن ... ھازىر مەن پۈتۈن رايون ۋە ھەممە ئۆيلەرگە ئىززىز مېھمانمەن. ئۆزەمنىڭ ھەقىقەتەن بەختلىك ئىكەنلىكىمنى ئەمدىلا ھېس قىلىۋاتىمەن . . .» دەپ يېزىپسىز.

مەن خېتىڭىزنى ئوقۇپ سىزنىڭ يۈكسەك ئېتىبار بىلەن قارشى ئېلىنغانلىقىڭىزدىن تولىمۇ خۇشال بولدۇم. خەلقىمىزنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەتكە، يۈكسىلىشكە، يېڭىچە تۇرمۇشقا نەقەدەر تەشنا ئىكەنلىكىنى يەنىمۇ ھېس قىلدىم، ئۇلارنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەتكە بولغان تەشنا ئەسىرلەردىن بېرى جاڭقاپ كەلگەن قۇملۇقنىڭ تەشنالىقىغا ئوخشايدۇ. ئۇ قانچە سۇغۇرۇلۇشنى ئۆزقوينىدا پورەك ـ پورەك گۈللەرنىڭ ئېچىلىشىنى، مەرىپەت گۈلزارىنىڭ بەرپا بولۇشىنى ئىزلەيدۇ. سىز خېتىڭىزدە بۇ نۇقتىنى، پىلانلىرىڭىزنى، ئۇلارغا نېمىلەرنى قىلىپ بەرمەكچى ئىكەنلىكىڭىزنى يازماپسىز. سىز ئېسىڭىزدىن چىقارماڭكى، خەلقىمىزنىڭ قانات ئارمان قىلىشى، ھەرگىز ئۇنىڭدىكى گۈزەل ۋە يۇمشاق پەيلەرگە ئىگە

بولۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى پەرۋاز قىلىش ئۈچۈندۇر. ئۇلار قاناتىنىڭ ئۆز تۇرمۇشلىرىغا يېڭىلىق ئېلىپ كىرىشنى ئۆز تۇرمۇشلىرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ. سىز ئۇلارنىڭ نەزىرىدە قاناتتىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئۇلار سىزدىن ئۆزلىرىنى مەرىپەت ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلدۇرۇشنى كۈتمەكتە. ئەگەر سىز ئۇلارنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقالمىسىڭىز، ئۇلار سىزگە يەنە ئۈمىد بىلەن تىكىلىۋېرەمدۇ؟

ئۇلار سىزنى «يول كۆرسەتكۈچى چىرىغىمىز» دەپ ھۆرمەتلەيدۇ، مەن خېتىڭىزدىن بۇ قۇرلارنى ئوقۇپ دەرھال تۆت كوچا كېسىشكەن دوقمۇشتىكى يېشىل چىراقنى ئەسكە ئالدىم. ئۇلار سىزدىن نەقەدەر چوڭ ئۈمىد كۈتكەن — ھە! يېشىل چىراق ئۆزىنى كۆز-كۆز قىلىش ئۈچۈن ئەمەس بەلكى باشقىلارغا يول كۆرسىتىش ئۈچۈن ئورنىتىلغان. گەرچە ئۇ كۆزگە ئەڭ ئوڭاي تاشلىنىدىغان يەرگە ئورنىتىلغان، شۇنداقلا گۈزەل ۋە رەڭدار بولسىمۇ، ئەگەر يول كۆرسىتىش رولىنى يوقىتىدىكەن، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئۇنىڭ ھېچقانداق قىممىتى بولمايدۇ. چەت-يىراق بوستانلىقتىكى ئەنە شۇ قېرىنداشلار سىزدىن يول باشلاشنى، پارلاق ھايات مۇساپىلىرىگە باشلاپ كىرىشنى كۈتىدۇ. مەن سىزدىن ئۇلارنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقىش ئۈچۈن تىرىشىشىڭىزنى، قۇرۇق ئابرۇيغا بېرىلمەسلىكىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

سىز بىلىسىزكى، سۇ تامچىسى يورۇقلۇقنى ئەكس ئەتتۈرەلىگەنلىكى ئۈچۈنلا كۆزنى قاماشتۇرىدۇ. سىز مەكتەپتىكى چاغدا مەن سۇ تامچىسىنى كۆپ قېتىم مىسالغا ئالغان. ئەگەر ئۇ يورۇقلۇقنى ئەكس ئەتتۈرەلمىسە، كىشىدە ھېچقانداق تەسىرات پەيدا قىلالمايدۇ ۋە ئاستا-ئاستا يوقاپ كېتىدۇ. سىز يورۇقلۇقنى ئەكس ئەتتۈرۈپ كىشىلەردە ئۇنتۇلماس تەسىرات قالدۇرۇشىڭىز لازىم. شۇندىلا ئاندىن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى دېگەن نامغا لايىق بولالايسىز. سىز ئەكس ئەتتۈرىدىغان يورۇقلۇق — سىز ئۆگەنگەن كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشنى يۈكسەلدۈرەلەيدىغان بىلىمدىن ئىبارەت. ئىشەنچىم كامىلكى، سىز چوقۇم بۇنى ئەكس ئەتتۈرەلەيسىز ۋە كىشىلەر قەلبىدە يىللىقلىق تەسىرىنى قوزغىيالايسىز.

خەير خوش، سىزنىڭ داۋاملىق خەت يېزىپ ھارغىن كۆڭلۈمگە خۇش ئاراملىق بېغىشلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

1984. 11. 15

* *

خېتىڭىزنى تاپشۇرۇپ ئالغىنىمغا ئون كۈندەك ۋاقىت بولۇپ قالدى. ۋاقتىدا جاۋاب يېزىش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولالمىدىم. كەچۈرگەيسىز.

سىز خېتىڭىزدە شەھىرىمىز ناھايىتى كىچىك، ھەممە كىشى ئۆز ئارا تونۇشىدىغان بولغاچقا كىچىككىنە بىر سۆز، ياكى ئاددىي بىر يېڭىلىق يېرىم سائەت ئىچىدىلا پۈتۈن شەھەرگە تاراپ بىر تالاي مەسخىرىگە سەۋەب بولىدۇ. ئەنئەنە ئاتموسفېرا تولىمۇ قويۇق. كونا ئادەت ۋە بىمەنە ئېتىقادلار خۇددى كۆزگە كۆرۈنمەس تۇمانغا ئوخشاش ھەممە يەرنى قاپلاپ تۇرىدۇ. ئالدىنقى قېتىم كاستيۇم كىيىپ كوچىغا چىققىنىمدا كىشىلەر مېنى «يالغان ئەجنەبى» دەپ ئاتاشقان ئىدى. بۇ قېتىم ئىنگلىزچە ئۆگەنمەكچى بولۇپ كىتاب سېتىۋالغىنىمدا، ئۇلار يەنە «لوندوندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچى»، «دىپلومات» دەپ زاڭلىق قىلىشقا باشلىدى... ئەھۋال ئەنە شۇنداق. بۇ يەردە كۆڭلۈڭ خالىغان بىرەر يېڭى مودىنى تاللاپ كىيىشكە ياكى ئۆزەڭ خالىغان بىرەر پاسوندا ياسىنىشقا ئىمكان يوق. كونا تۇرمۇشتا كىچىككىنە بولسىمۇ ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش، كىشىلەرنىڭ ئوغىسىنى بەكمۇ قايىنىتىۋېتىدۇ. يېڭىلىق يارىتىشتىن ئەسلا ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس...

مەن خۇددى ماتتا يىڭىلىدىغان قاسقانداق دۇملەپ قويغانغا ئوخشاش بۇرۇختۇرما بولۇپ كەتتىم، تىنغۇچىلىك ھالىم قالمىدى، چېكىنىشىمۇ، ئالغا بېسىشىمۇ بىلەلمەي قالدىم، دەپ يېزىپسىز.

خېتىڭىزدىكى ئەنە شۇ قۇرلارنى كۆرگىنىمدە، قەلبىمدە ھېسداشلىق بۇلاقلىرىدىن تەسەللىي فونتانلىرى ئېتىلىپ چىقتى. ھالىڭىزغا چەكسىز ئېچىندىم. شەھىرىڭىزلاردىكى ئەنە شۇ بولمىغۇر قىلىقلار كۆز ئالدىمدا تولۇق گەۋدىلەندى. راست، ئەنە شۇنداق ئالغا يۈرۈۋاتقان تۇرمۇش ھارۋىسىنىڭ چاقلىرىغا پۈتلىكاشاڭ بولىدىغانلار سىزلەرنىڭ شەھىرىڭىزلەردىلا ئەمەس، بەلكى ھەممە يەردىن ھەتتا چوڭ شەھەرلەردىنمۇ تېپىلىدۇ. بۇنداق ئۆزى يېڭىلىققا ئىنتىلمەيدىغان، يېڭىلىققا ئىنتىلگەنلەرنى، ئالغا بېسىۋاتقانلارنى مەسخىرە قىلىدىغان ئادەملەر قايسى جايدا يوق دەيسىز؟ ئۇلار توكۇر قىزنىڭ سۇنئىي پۇت سالدۇرغىنىنى كۆرسە، بۇ چوقۇم ئېگىز پاشنىلىق تۇپلەي كىيىش ئۈچۈن دەپ تۇرۇۋالىدۇ. بويتاق قالغان مىسكىن بوۋاي نۇرسىزلانغان كۆزلىرىنى داۋالاتماقچى بولسا، ئۆزىگە يېڭى جۈپ تاللىماقچى دەپ دەۋا قىلىدۇ. قىزىل كىيىم كىيگەنلەرنى «ئۆزىنى كۆز-كۆز قىلماقچى» دەپ ئەيىبلىسە، قارا كىيىم كىيگەنلەرنى «ئېسىللىشىۋالماقچى» دەپ تەنە قىلىدۇ. ئۇلارغا ھېچ نەرسە ياقمايدۇ. ئۇلارنىڭ كاللىسى يىراق زامانلاردا توختاپ قالغان، ئۇلارنىڭ قاراشلىرى قېتىقتەك ئۇيۇپ، مۇزدەك قېتىپ كەتكەن. ئالغا بېسىۋاتقان تارىخنى، رېئاللىقنى، يېڭىلىقنى ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمەيدۇ. ۋەھالەنكى، ئۇلار ئالغا بېسىۋاتقان تۇرمۇش ھارۋىسىنى توسۇپ قېلىشقا قادىر ئەمەس. تۇرمۇش سىز ئارزۇ قىلغان يۆنىلىش بويىچە داۋاملىق ئالغا باسىدۇ.

مەن مانا شۇ قۇرلارنى يېزىۋاتقان چېغىمدا سىزگە «باشقىلار نېمە دېسە دەۋەرسۇن، سىز ئۆز يولىڭىزغا مېڭىۋېرىڭ» دەپ مەسلىھەت بېرىشنى لايىق تاپتىم. بىلىشىڭىز كېرەككى، بۇلىڭگىلىق بىلەن سىزدە ھېچقانداق ئىدىيىۋى بويا بولماسلىقى لازىم. مېنىڭچە، قۇمچاق، ئۆزىنىڭ سۆرۈلۈپ قۇرغان قۇيرۇقىنى تاشلىۋەتمەي تۇرۇپ، قۇرغاقتا ئەركىن سەكرەيمەن دەپ خىيال قىلماسلىقى كېرەك. ئۇ قۇيرۇقىنى تاشلىۋەتكەندىلا ئاندىن ئارزۇسىغا يېتەلەيدۇ.

ئاخىرىدا سىزنى مەسخىرە قىلىپ ئېيتىلغان ھېلىقى «باش ئەلچى»، «دىپلومات» دېگەن سۆزلەر ئۈستىدە ئازراق توختىلاي. سىزنىڭ ئىنگلىزچە ئۆگەنمەكچى بولغىنىڭىز ناھايىتى ياخشى بوپتۇ. كىشىلەرنىڭ مۇنداق دېيىشى يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمگە ئوخشاشلا، توكۇر قىزنىڭ سۇنئىي پۇت سالدۇرغىنىنى كۆرۈپ، بۇ ئېگىز پاشنىلىق تۇپلەي كىيىش ئۈچۈن دەپ تۇرۇۋالغىنىدەك ئېتىقسىزلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئىنگلىزچە ئۆگىنىش، پەقەتلا دىپلومات بولۇشنى مەقسەت قىلمايدۇ. تىل ئۆگىنىش، يەنىمۇ كۆپ بىلىم ئىگىلەش ئۈچۈن ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان. سىزدە دىپلومات بولۇشنىڭ ئىمكانىيىتىمۇ يوق ئەمەس. دىپلومات بولسىڭىز نېمە بوپتۇ؟ سىزدىن دىپلومات چىقماسمۇ؟ بۇ ئالغا بېسىۋاتقان، نى-نى مۆجىزىلەر بارلىققا كېلىۋاتقان زامان. مېنىڭچە «پاختەكنىڭ ئۇۋىسىدىن بەلەن پەرۋازلىق بۈركۈت چىقمايدۇ» دېگەن قاراشنىڭ ئەمدى ۋاقتى ئۆتتى. غورۇلاينىڭ ئۇۋىسىدا خۇش ئاۋازلىق كاككۇك ئۆسىدىكەنۇ، پاختەكنىڭ ئۇۋىسىدىن نېمە ئۈچۈن بۈركۈت پەرۋاز قىلمىسۇن؟ مەن سىزنىڭ تىرىشىش ئارقىلىق دىپلومات، بەلكى پەرۋازلىق بۈركۈت بولۇپ چىقالايدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن. توسقۇنلارنى يېرىپ ئالغا باسسىڭىزلا، سىزگە مۆجىزىلەر ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلىش چوقۇم نېسىپ بولىدۇ.

خەير خوش 1985 2 15·

# كۆينەك

(ھېكايە)

مەتىمىن شىپە

دالانغا كىرگىنىمدە ئايالىم ئوغلۇمغا كۆڭنەك كىيدۈرۈۋاتقان ئىكەن. يېشىغا يەتمىگەن ئوغلۇمغا كاۋا چېچەكى رەڭلىك كۆڭنەك تولىمۇ ياراشقان ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئاق، سېمىز يۈزى قان تېپىپ تۇرغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇمۇ يېڭى كۆڭنەك كىيگىنىگە خۇشال بولغاندەك كۈلەتتى.

— بالامغا قانداق كىيىمنىڭ يارىشىدىغانلىقىنى ئەمدى بىلدىم، — دېدى ئايالىم خۇشال سۆزلەپ، — سەن ئاق كىيىم يارىشىدۇ، دەپ يۈرۈپتىكەن، ئاقنى كىيسە رەڭگىدە قان يوقتەك كۆرۈنىدىكەن.

— رەختى نېمە؟ سورىدۇم مەن.

— دېچۇلىياك، — دېدى ئايالىم ئېتىبارسىزلا.

ئۇچىنچى كۈنى كەچتە ئىشتىن قايتىپ كېلىپ، ئايالىمنىڭ ھېلىقى كۆڭنەكنى سالدۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. بالىنى بۆلەشكە تېخى بالدۇر ئىدى. شۇڭا ھەيران بولۇپ:

— نېمە قىلىۋاتىسەن؟ — دېدىم.

— سالدۇرۇۋاتىمەن، — ئايالىمنىڭ ئاۋازى قوپال ئاڭلاندى. مەن تېخىمۇ ھەيران بولدۇم:

— كىر بولۇپ كېتىپتىمۇ، دەپ كۆزۈڭ قىيمايۋاتامدۇ؟

— ئۆزىنىڭ بالىسى كىيگەن كىيىمىگىمۇ كۆزى قىيمايدىغان ئاپا بولامدۇ؟ ئاپاملارنىڭ ئۆيىگە بارغان ئىدىم، مومام بۇ كۆڭنەكنى كۆرۈپ: «دېچۇلىياك دېگەن زىيان قىلىدۇ» دەپ جىق گەپ قىلدى. ئاڭلىسام، دېچۇلىياكنى قارا مايدىن ياسايمىش.

— ھەي ئەخمەق، قارا مايدىنمۇ رەخت ياسىغىلى بولامدۇ؟ — دېدىم ئۇ سۆزىنى ياقتۇرمىغاندەك:

— مەيلى، نېمىلا بولسۇن، ئۇنىڭغا بۇ كۆڭنەكنى كىيدۈرمەيمەن، — دېدى.

— سەكسەن ياشلىق مومايىنىڭ سۆزىگىمۇ ئىشىنىپ يۈرەمسەن؟ — دېدىم مەن ئايالىمنىڭ ساددىلىقىدىن كۈلگۈم كېلىپ، — ھازىر ھەممە كىشى دېچۇلىياك، نىلون دېگەنلەرنى كىيىپ يۈرىدۇ. ئۆزەڭنىڭمۇ ئۇچىسىغا قارا، ھەممىسى شۇ نېمىلەر...

— چوڭلار بىكار گەپ قىلمايدۇ. بىر نېمىنى بىلىپ سۆزلەيدۇ. مەن قايتا ئېغىز ئاچمىدىم، لېكىن ئەتىسى بالىنىڭ ھېلىقى كۆڭلىكىنى كىيدۈردۈم، ئۇ كۆزۈمگە شۇنداق چىرايلىق بولۇپ كۆرۈندى. ئايالىم بالىغا ئازراق غۇدۇڭشىدىيۇ، ئۇنى سالدۇرۇۋەتمىدى. بىراق، شۇ كۈنى كەچتە مېنى كايىش بىلەن كۈتۈۋالدى.

— مەن دېمىدىممۇ، چوڭلار بىر نەرسىنى بىلىپ سۆزلەيدۇ دەپ، مانا كۆرۈڭ زىيان قىلامكەن؟ مېنى ئەخمەق دەيدۇ تېخى!

— نېمىگە چىچىلىسەن؟ — دېدىم سۆزىنى چۈشەنمەي.

بالىنىڭ تەرىسىگە قارىڭا، ئىچى سۈرۈپلا كەتتى. دېچۇلىياك زىيان قىلىدىكەن دېسەم، ئىشەنمەي كىيدۈرۈپ قويدىڭىز.

ئوغلۇمغا قارىدىم ھەقىقەتەن ئىچى سۈرۈپ ئوبدانلا سولۇشۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭ ماڭا بىچارىلەرچە قاراپ تۇرغان كۆزلىرىنى كۆرۈپ ئىچىم ئاغرىسىمۇ ئۈنچۈقمىدىم ئەمما، ئايالىم بالىنىڭ كۆڭلىكىنى سالدۇرۇۋاتقاندا گەپ قىلماي تۇرالمىدىم.

قويغىنە شۇ كونىلىقىڭنى، چىش يارغان بالىنىڭ ئۇنىڭسىزمۇ ئىچى سۈرىدۇ.

— كونىلىق تۈگۈل، خۇراپىلىق دېسىڭىزمۇ دەۋېرىڭ. بالامغا ئەمدى دېچۇلىياك كىيدۈرمەيمەن.

ئايالىم شۇنداق دېدى-دە، كۆڭلەكنى يىغىرتىپ تاپىغا تاشلىۋەتتى. ئوغلۇمنىڭ ئۇنى يېڭى كىيگەن كۈنىدىكى خۇشخۇي چىرايى كۆز ئالدىمدىن لىپ قىلىپ ئۆتۈپ قالدى. (8)



↑ «ئالتە ئۆچكىگە يەتتە تېكە»

↓ تەنھەركەتچى ۋە تاماشىبىن








↑ مۇكاپاتلاش سەھنىسىدە

↓ بىر - يىپ بىلەن باغلاپ تۇتۇپ تۇرۇش



↓ ئات يېتىلەش خاتىرىسى



# بەدىئىي سۈرەتكەشلىرىمىزدىن تاللانما





| | |
|---|---|
| ② | ① |
| ④ | ③ |





① غۇبارسىز چاغلار

② ھەيرانمەن ……

③ لايىھەلەش

④ يىللار خاتىرىسى

سۈرەتلەرنى راخمان ئوبۇل، ئابلىز غوجانىياز، ۋاڭ يۇشېڭ تارتقان



1 2 3 4 5 6 7 8 9 10 11 12 13 14 15 16 17 18 19 20
21 22 23 24 25 26 27 28 29 30 31

**مۇشتەرى بولۇڭ**

ژۇرنىلىمىزغا ھەر يىلى 2-، 5-، 8-، 11-ئايلارنىڭ 1-كۈنى پەسىللىك، يېرىم يىللىق، يىللىق مۇشتەرى بولغىلى بولىدۇ. ۋاكالەت نومۇرى (50 — 58)

**ئەسەر ئەۋەتىڭ**

ئادرېسىمىز: كونۇرتقا مۇنداق يېزىڭ: ئۈرۈمچى شەھىرى قۇرۇلۇش كوچىسى ۹-قورا «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى رېداكسىيىسى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى.

**تېلېفون بېرىڭ**

باش مۇھەررىر ئىشخانىسىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 27885
ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 25064
خەت بۆلۈمى: 25862
مەمۇرىي بۆلۈم: 24544

**قەدەم تەشرىپ قىلىڭ**

ئورنىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى قىزىلتاغ يېنىدىكى چوڭ كۆۋرۈكنىڭ جەنۇبىدىراق، يەنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى خىزمەت بىناسىنىڭ 3-قەۋىتىدە.